# تىل-ئەدەبىيات

## 4-كىتاب



ئۇيغۇر ئاكادېمىيەسى ئانا تىل كومىتېتى تۈزگەن

**ئۇيغۇر تىل-ئەدەبىياتى دەرسلىكلىرى**

# تىل-ئەدەبىيات

## 4-كىتاب



ئۇيغۇر ئاكادېمىيەسى

## ئۇيغۇر ئاكادېمىيەسى «ئۇيغۇر تىل-ئەدەبىياتى» دەرسلىكلىرى

# تىل-ئەدەبىيات ـــ 4-كىتاب

(4-يىللىقلار ئۈچۈن)

تۈر دىرېكتورى: در. رىشات ئاbباس

تۈر مەسئۇللىرى: در. گۈلنار ئەزىز، در. مەغپىرەت كامال، ئابدۇلھەمىد قاراخان

## دەرسلىك تۈزۈش ھەيئىتى

مەسلىھەتچى: پروف. در. شاھلو يۇلداشېۋا، پروف. در. فىردەۋس گۈنەش، در. نۇرنىسا قۇربان

باش تۈزگۈچى: دوتس. در. رائىلە ئابدۇۋاھىت كاشغەرىي

تۈزگۈچى: در. زۇلھەججەگۈل ئابدۇرەشىت، ئا. سەردار زاغئوغلى، زېكىيە ئابدۇساتتار، ئادىلە ئەنۋەر قاراخان

باش تەھرىر ۋە كوررېكتور: خۇمارگۈل ياقۇپ

تەھرىر ھەيئىتى: پروف. در. دىلنۇر قاسىموۋا، در. ۋارىس ئابدۇكېرىم جانباز، ئالماس ھاجى، پەرىدە نىياز، پەرىدە ئىبراھىم، تۇرغۇنجان مۆمىن، دىلنۇر ئابدۇرەھىم، رەنا قاراخان، سەلىمە ئا. كامال، سەنئەت ئابلەت، سۆرەييا ئابلىمىت قەشقەرى، يۇلتۇز تېيىپجان

پۈتۈكچىلەر: رازىيە مەمەت تۇرسۇن، مۇنىرە مەمەت، ئادىلە ئەنۋەر قاراخان

رەسسام: گۈلناز تۇرسۇن

فوتوگراف: ئابلىكىم ئەمەت

مۇقاۋا ۋە بەت لايىھەلىگۈچى: ئابدۇلئەزىز ئاقھۇن

## تەكشۈرۈپ بېكىتىش ھەيئىتى

مەسئۇل مۇھەررىر: ئەنۋەر مۇھەممەد

تەھرىر ھەيئىتى: پروف. در. ئالىمجان ئىنايەت، پروف. در. گۈلنىسا نازاروۋا، دوتس. در. رائىلە ئابدۇۋاھىت كاشغەرىي، دوتس. در. رۇسلان ئارزىيېۋ، در. پەيزۇللا زەيدۇن، در. گۈلنار ئەزىز، در. ماھىرە ياقۇپ، در. مەغپىرەت كامال، در. نۇرنىسا قۇربان

نەشر قىلىپ تارقاتقۇچى: ئۇيغۇر ئاكادېمىيەسى
تور ئادرېسى: www.akademiye.org
نەشرىيات: تەكلىماكان ئۇيغۇر نەشرىياتى
بىرىنچى نەشرى

ISBN (كىتاب نومۇرى): 978-1-959397-20-5

نەشر ھوقۇقى 2024 © ئۇيغۇر ئاكادېمىيەسى تەرىپىدىن قوغدىلىدۇ
ئۇيغۇر ئاكادېمىيەسى ئانا تىل كومىتېتى تۈزدى
ئىستانبۇل، 2024

Uyghur Academy “Uyghur Language Arts” Textbook Series

# Uyghur Language Arts

Grade 4

Project Director: Dr. Rishat Abbas

Project team: Dr. Gülnar Eziz, Dr. Magfiret Kamal, Abdulhamit Karahan

## Program Author Team

Advisors: Prof. Dr. Shahlo Yuldasheva, Prof. Dr. Firdevs Günes, Dr. Nurnisa Qurban

Lead Program Author: Assoc. Prof. Dr. Reyila Kasgarli

Program Authors: Dr. Zulhejjegul Abdureshit, A. Serdar Zağoğli, Zekiye Abdusattar, Adile Enwer Qarahan

Program Editor and Proofreader: Hümagül Hümeyra Uluyol

Program Editors: Prof. Dr. Dilnur Qasımova, Dr. Waris Abdukerim Janbaz, Almas Haji, Peride Niyaz, Peride İbrahim, Turgut Altun, Dilnur Abdurehim, Rena Qaraxan, Selime A. Kamal, Sen’et Ablet, Sureyya Ablimit Kashgary, Yultuz Teyipjan

Illustrator: Gülnaz Tursun

Photographer: Ablikim Emet

Cover and Page Designer: Abdulaziz Akhun

## Board of Review

Editor-in-Chief: Enwer Muhemmed

Executive Editors: Prof. Dr. Alimcan Inayet, Prof. Dr. Gulnisa Nazarova, Assoc. Prof. Dr.Reyila Kasgarli, Assoc. Prof. Dr. Ruslan Arziyev, Dr. Payzulla Zaydun, Dr. Gülnar Eziz, Dr. Mahire Yakup, Asst. Prof. Dr. Magfiret Kamal, Dr. Nurnisa Qurban

Publisher: Uyghur Academy

Web address: www.uyghuracademy.org

Printed by Teklimakan Uygur Publishing House

The First Edition

ISBN: 978-1-959397-20-5

Uyghur Academy

Copyright 2024 © Uyghur Academy

Developed by Uyghur Academy Mother Language Committee

Istanbul 2024

# قۇرتۇلۇش(*) يولىدا

**مەمتىلى تەۋپىق (1901–1937)**



**قۇرتۇلۇش(**) يولىدا سۇدەك ئاقتى بىزنىڭ قانىمىز،**
**سەن ئۈچۈن ئەي يۇرتىمىز، بولسۇن فىدا بۇ جانىمىز.**
**قان كېچىپ ھەم جان بېرىپ، ئاخىر قۇتۇلدۇردۇق سېنى،**
**قۇتقۇزۇشقا قەلبىمىزدە بار ئىدى ئىمانىمىز.**

**يۇرتىمىز بىز يۈز-كۆزۈڭنى قان بىلەن پاكىزلىدۇق،**
**ئەمدى ھېچ كىرلەتمىگەيمىز، چۈنكى تۈرك ئەۋلادى بىز.**
**يارۇ ھەمدەم بولدى بىزنىڭ ھىممىتىمىز سەن ئۈچۈن،**
**دۇنيانى سورىغان ئىدى ھىممەت بىلەن ئەجدادىمىز.**

**ئاتىلارنىڭ جەڭلىرى ئۆچمەيدۇ تارىخ بېتىدىن،**
**نەسلى قالدى جەڭگىۋار، بىز ئۇنىڭ ئەۋلادى بىز.**
**چىقتى جان ھەم ئاقتى قان، بولدى ياۋدىن ئەل ئامان،**
**ياشىسۇن ھېچ ئۆلمىسۇن، گۈزەل ئىستىقبالىمىز.**

**ياشىسۇن، مىڭ ياشىسۇن، پارلىسۇن ئىستىقبالىمىز!**

---

( * )   بۇ شېئىرنىڭ 1- ۋە 3-كۇپلېتلىرى مىللىي مارش سۈپىتىدە ئوقۇلماقتا، پەرقلىق مەنبەلەردە پەرقلىق ۋارىيانتلىرى ئۇچرايدۇ.

( ** )   «قۇرتۇلۇش» ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا «قۇتۇلۇش» دەپ قوللىنىلىدۇ.

# مۇندەرىجە


قۇرتۇلۇش يولىدا ... 1

كىرىش سۆز ... 3

**بىرىنچى بۆلەك: ۋەتەن سۆيگۈسى**

1-دەرس: يىپەك يولىدىكى نۇرلۇق مەرۋايىت—قەشقەر ... 6

2- دەرس: سېھىرلىك، جەلپكار زېمىن – تۇرپان ... 11

3-دەرس: ئويغان ... 16

4-دەرس: ئۇيغۇر تىلى بىلىملىرى: سان ... 20

**ئىككىنچى بۆلەك: گۈزەل تەبىئەت**

5- دەرس: كەل باھار ... 26

6- دەرس: كىمگە رەھمەت ئېيتىش كېرەك ... 30

7-دەرس: ئورمان — بىباھا بايلىق ... 33

8- دەرس: ئۇيغۇرتىلى بىلىملىرى: مىقدار سۆزلەر ... 36

**ئۈچىنچى بۆلەك: ئەقىل-پاراسەت**

9-دەرس: مۆجىزىلىك سۇ ئىنشائات قۇرۇ-لۇشى — كارىز ... 40

10- دەرس: يولۋاس بىلەن توشقان ... 44

11- دەرس: ھېسام چاقچاقلىرى ... 47

12- دەرس: ئۇيغۇر تىلى بىلىملىرى: رەۋىش ... 50

**تۆتىنچى بۆلەك: پەن-تېخنىكا ۋە بىز**

13- دەرس: ئۇلۇغبەگ ... 56

14- دەرس: تىلسىملار دۇنياسىدا نۇر قۇچقان ئالىم — دوكتور رىشات ئاباس ... 59

15- دەرس: كىچىك ئالىم ... 63

16- دەرس: ئۇيغۇر تىلى بىلىملىرى: ئالماش ... 66

**بەشىنچى بۆلەك: ئەجدادلار مىراسى**

17- دەرس: قەدىردان ئۇستاز ... 70

18-دەرس: كۆرۈشكەن كۈن ... 73

19- دەرس: ئۇيغۇر سەنئىتىنىڭ گۈلتاجى — ئون ئىككى مۇقام ... 76

20- دەرس: ئۇيغۇر تىلى بىلىملىرى: تەقلىد سۆزلەر ... 79

**ئالتىنچى بۆلەك: تارىخ ۋە بىز**

21- دەرس: نۇزۇگۇم قوشاقلىرى ... 85

22- دەرس: قەنتتەك تاتلىق بالام، ساڭا ئاقيول تىلەيمەن! ... 88

23- دەرس: ئوغۇزخان ... 91

24- دەرس: ئۇيغۇر تىلى بىلىملىرى: پېئىل ... 94

**يەتتىنچى بۆلەك: ئەخلاق-پەزىلەت**

25- دەرس: ئۈچ بولكا ... 99

26-دەرس: ۋەدە ... 103

27-دەرس: پوچى پاشا ... 108

28- دەرس: ئۇيغۇر تىلى بىلىملىرى: ياردەمچى سۆزلەر ... 112

**سەككىزىنچى بۆلەك: مىللىي كىملىك**

29- دەرس: ئۇيغۇر دوپپىلىرى ... 117

30- دەرس: ئانا تىلىم ... 121

31- دەرس: ئۇيغۇر بىناكارلىقى ... 124

32- دەرس: ئۇيغۇرتىلى بىلىملىرى: ئىملىق سۆزلەر ... 127

لۇغەت ... 133

مەنبەلەر ... 146

# كىرىش سۆز

ئۇيغۇر ئاكادېمىيەسى ئانا تىل كومىتېتى تەرىپىدىن تۈزۈلگەن «ئۇيغۇر تىل-ئەدەبىياتى دەرسلىكلىرى» – پەرزەنتلىرىمىزگە ئۇيغۇر تىل-ئەدەبىياتىنى سىستېمىلىق ئۆگىتىش مەقستى بىلەن تەييارلانغان ماتېرىياللاردۇر.

دەرسلىكلەر – ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئېلىپبەسىدىن باشلاپ، تىل-ئەدەبىيات ساھەسى بويىچە تولۇق ئوتتۇرا سەۋىيەسىنى تۈگەتكۈچە بولغان ئاساسىي بىلىملەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ؛ ئون ئىككى كىتاب ۋە يانداش ماتېرىياللاردىن تەركىب تاپىدۇ.

بۇ دەرسلىكلەرنى تۈزۈشتە، ۋەتەندە نەشر قىلىنغان تىل-ئەدەبىيات دەرسلىكلىرىدىكى تېكىستلەر ئاساس قىلىندى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە باشقا تېكىستلەرمۇ سەپلەندى. دەرسلىكلەرگە ئۇيغۇر جەمئىيىتىنىڭ ھەربىر ئەزاسىنى مەنىۋى كۈچ ۋە ئاڭ-پىكىر جەھەتتىن بۇ جەمئىيەتكە باغلاپ تۇرىدىغان ئۇيغۇر مىللىي كىملىكى، جانلىق ۋە جانسىز نەرسىلەرنى تونۇش ۋە پىكىر قىلىش سىستېمىسى، ئەۋلادتىن ئەۋلادقا داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان قەدرىيەتلىرى سىڭدۈرۈلۈشكە ئەھمىيەت بېرىلدى. مېتود جەھەتتىن زامانىۋى پېداگوگىكا ئىلمىنىڭ نۆۋەتتىكى تەتقىقات نەتىجىلىرى نەزەرگە ئېلىندى. ئىملار ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئالاھىدىلىكىنى چىقىش قىلىپ تۇرۇپ، سەۋىيەگە قارىتا ئورۇنلاشتۇرۇلدى. ماتېرىياللار مىللىي ۋە ئىلمىي قىلىپ تۈزۈلۈش بىلەن بىرگە قاراتمىلىققا ۋە خاسلىققا ئىگە قىلىندى. ئىملا جەھەتتىن مىرسۇلتان ئوسمان قاتارلىقلارنىڭ ئەمگىكى بىلەن 2009-يىلى روياپقا چىققان «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنىڭ ئىملا لۇغىتى» ئاساس قىلىندى. گىراماتىكىلىق ئاتالغۇلار ئارسلان ئابدۇللا تەھۇر قاتارلىقلار تۈزگەن ۋە 2010-يىلى نەشر قىلىنغان «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى»غا ماسلاشتۇرۇلدى. باشقا ماتېرىياللاردىن ئەينەن ئېلىنغان، قىسقارتىپ ئېلىنغان ياكى ئۆزگەرتىپ ئېلىنغان تېكىستلەرنىڭ ئەسلىي مەنبەسى «مەنبەلەر» قىسمىدا كۆرسىتىلدى. مېھنەت قىلغانلارنىڭ ئىسمى ئۇنۋانلار بويىچە، ئوخشاش ئۇنۋاندىكىلەرنىڭ ياكى ئۇنۋان يېزىلمىغان ئىسملەرنىڭ تىزىمى بولسا، ئۇيغۇر تىلى ئېلىپبەسىنىڭ رەت تەرتىۋىگە ئاساسەن بېرىلدى.

قولىڭىزدىكى كىتاب – دەرسلىكنىڭ تۆتىنچى كىتابى بولۇپ، پەرزەنتلىرىمىزنىڭ تىل ئىشلىتىش ۋە پىكىر قىلىش قابىلىيىتىنى ئۆستۈرىدىغان تېكىستلەر ۋە كۆنۈكمىلەردىن تەركىب تاپىدۇ. شۇنىڭدەك گىراماتىكا بىلىملىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئاھاڭداش سۆزلەر كارتىسى، كۆپ مەنىلىك سۆزلەر كارتىسى ۋە ئىدىيوملار كارتىسى قاتارلىق ئويۇن كارتىلىرى، بۇ كىتاب بىلەن بىرلىكتە ئىشلىتىشكە ماس كېلىدۇ.

مەزكۇر كىتاب – ئىككى يىللىق ئەمگەكنىڭ مەھسۇلىدۇر. دەرسلىك تۈزۈش پىكرىنىڭ ئوتتۇرىغا قويۇلۇشىدىن باشلاپ، بېسىپ تارقىتىشقىچە بولغان پۈتۈن جەرياندا، ماددىي ۋە ياكى مەنىۋى جەھەتتىن قوللىغان، قىممەتلىك ۋاقتىنى ۋە زېھنىنى ئايرىپ، مېھنەت سەرپ قىلغان بارلىق پېدائىيلارغا سەممىي تەشەككۈر ئېيتىمىز.

كىتاب – دۇنيانىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىكى پەرزەنتلىرىمىزدە ئورتاق بىر مىللىي كىملىك ئېڭىنىڭ يېتىلىشى، قوغدىلىشى ۋە داۋاملىششى ئۈچۈن پايدىلىق بولغۇسى، دەپ ئۈمىد قىلىمىز.

دوتسېنت دوكتور رائىلە ئابدۇۋاھىت كاشغەرىي
ئۇيغۇر ئاكادېمىيەسى ئانا تىل كومىتېتىغا ۋاكالىتەن
«ئانا تىل دەرسلىكلىرىنى تۈزۈش گۇرۇپپىسى»نىڭ مەسئۇلى

# ۋەتەن سۆيگۈسى

## بىرىنچى بۆلەك

**دەرسكە تەييارلىق**

- قايسى دۆلەتلەر شەرقىي تۈركىستانغا قوشنا؟
- ۋەتىنىمىزدىكى شەھەر ۋە ۋىلايەتلەرنىڭ ئىسىملىرىنى بىلەمسىلەر؟

## بىزنىڭ ئانا ۋەتىنىمىز



# 1-دەرس

## يىپەك يولىدىكى نۇرلۇق مەرۋايىت — قەشقەر

پروف. در. ئەركىن ئەمەت، در. ئادىلجان ئەرئۇيغۇر

(چۈشەندۈرۈش ماقالىسى)



قەشقەرنىڭ كوچىسى

قەشقەر — ئوتتۇرا ئاسىيا مەدەنىيىتىنىڭ جۈملىدىن ئۇيغۇر مىللىي مەدەنىيىتىنىڭ مەركىزى، يىپەك يولىدا چاقنىغان نۇرلۇق مەرۋايىت، ئۇزاق تارىختا ئىگە قەدىمىي شەھەر. تارىم ۋادىسىدا ياشىغۇچى تۈرك خەلقلىرى خېلى قەدىمكى زامانلاردىن باشلاپ، قەشقەر ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى رايونلاردا ياشاپ، مول ۋە رەڭدار بولغان شانلىق مەدەنىيەتلەرنى ياراتقان. ئۇيغۇرلارنىڭ ئوتتۇرا ئەسىردىكى بۈيۈك خاقانىيە خانلىقى قەشقەرنى مەركەز قىلىپ قۇرۇلغان. بۇ خانلىق ئاز كەم 400 يىل سەلتەنەت سۈرۈش جەريانىدا، قەشقەر ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ بۆشۈكى بولۇپ، قوشنا ئەللەرنىڭ مەدەنىيەتىگە چوڭقۇر تەسىر كۆرسىتىپ، ئوتتۇرا ئاسىيا مەدەنىيەت مەركەزلىرىنىڭ بىرىگە ئايلانغان.

ئۇيغۇر مەدەنىيەت تارىخىنىڭ ئالتۇن دەۋرى بولغان 11- ئەسىردە بارلىققا كەلگەن دۇنياۋى شۆھرەتكە ئىگە، ۋەكىل خاراكتېرلىق ئىككى پارچە شانلىق ئەسەر «قۇتادغۇ بىلىك» ۋە «تۈركىي تىللار دىۋانى» قەشقەر بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك بولۇپ، دىۋاننىڭ مۇئەللىپى مەھمۇد كاشغەرىي قەشقەردە تۇغۇلۇپ،

ياشاپ، قەشقەردە ۋاپات بولغان. «قۇتادغۇ بىلىك»نىڭ ئاپتورى يۈسۈپ خاس هاجىپ، بۇ ئۆلمەس ئەسەرنى قەشقەردە يېزىپ چىققان، قەشقەردە ياشاپ ئۆتكەن.



قەشقەر هېيتگاھ جامەسى




قەشقەردە هازىر بار بولغان قەدىمى كوچىلاردىن هېيتگاھ جامەسىنى مەركەز قىلغان چاسا كوچا، ئوردا ئالدى، بۆلاق بېشى، ئوردا مەسچىتى، دۆڭمەسچىت، جانئورغان، تۆرياربېغ، كونا دەرۋازا يولى، يار بېشى كۆلالچىلار مەھەللىسى قاتارلىق جايلار ئۆستەڭ بويىغا جايلاشقان بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە بەزى كوچىلار مىلادى 10- ئەسىردە بەرپا قىلىنغان.

بۇ يەردىكى ئاھالىلەر ئولتۇراق ئۆيلىرى بولسۇن ياكى مەسچىت قۇرۇلۇشلىرى، رەستىلەر بولسۇن، ھەممىسلا قويۇق ئىسلام بىناكارلىق تۈسىنى ئالغان. شۇڭىدەك، كوچىلار ئەگرى-بۈگرى، ئۆمۈچۈك تورىدەك گىرەلىشىپ كەتكەن بولۇپ، خۇددى سىرلىق ئوردا قەلئە يوللىرىغا ئوخشايدۇ. بۇ قەدىمى كوچا-تۇرالغۇلار قەشقەر شەھىرى سەيلە-ساياھەتچىلىكىنىڭ يارقىن نۇقتىسى بولۇپ، قەدىمى شەھەر ساياھەتچىلىكى، مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ساياھەتچىلىكى، مىللى ئۆرپ-ئادەت ساياھەتچىلىكى ۋە مىللىي قول- ھۈنەر سەنئىتى ساياھەتچىلىكى خىللا جانلانغان.

**1. تۆۋەندىكى سوئاللارغا جاۋاب بېرىڭلار.**



1) قەشقەردىكى مەشھۇر كوچىلارنىڭ ئىسمىلىرىنى ئېيتىپ بېرىڭلار.

2) قەشقەردىكى قۇرۇلۇشلار قانداق تۈس ئالغان؟

3) قەشقەرنى نېمىشقا «يىپەك يولىدىكى نۇرلۇق مەرۋايىت» دەيمىز؟

4) قەشقەرگە ساياھەت قىلماقچى بولسىڭىز، ئاۋۋال نەگە بارىسىز؟ نېمە ئۈچۈن؟

**2. تېكىستكە ئاساسەن تۆۋەندىكى بوش ئورۇنلارنى تولدۇرۇڭلار.**

1) قەشقەر ــــ ............................................ مەركىزى، يىپەك يولىدا چاقنىغان ............................ ، ئۇزاق تارىخقا ئىگە قەدىمىي شەھەر.

2) ئۇيغۇر مەدەنىيەت تارىخىنىڭ ئالتۇن دەۋرى بولغان 11 ـ ئەسىردە .............................................. ۋە .......................................... دۇنياۋى شۆھرەتكە ئىگە ئىككى شانلىق ئەسەر بارلىققا كەلگەن.

3) قەشقەردە.......................................... جامەسىنى مەركەز قىلغان چاسا كوچا بۇلاق بېشى، ئوردا مەسچىتى، دۆگمەسچىت .......................................... تورىيارباغ، كونا دەرۋازا يولى، .......................................... قاتارلىق قەدىمىي كوچىلار بار.

4) قەشقەر شەھىرى سەيلە ـ ساياھەتچىلىكنىڭ يارقىن نوقتىسى بولۇپ، .............................. ساياھەتچىلىكى، .......................................... ساياھەتچىلىكى، ...................................... ...... ساياھەتچىلىكى ۋە .......................................... ساياھەتچىلىكى تۈرلىرى خىللا جانلانغان.

**3. تۆۋەندىكى جۈملىلەردە قانداق پەرقلەرنىڭ بارلىقىنى ئېيتىپ بېرىڭلار. بۇ جۈملىلەرگە ئاساسەن بىردىن مىسال جۈملە يېزىڭلار.**



قەشقەر گۈزەل جاي.

قەشقەر گۈزەل جاي ئەمەس.

قەشقەر گۈزەل جاي ئەمەسمۇ؟

مىساللار:

..........................................................................................................................................

..........................................................................................................................................

..........................................................................................................................................

ئەتە قەشقەرگە ساياھەتكە بارىمىز.

ئەتە قەشقەرگە ساياھەتكە بارمايمىز.

ئەتە قەشقەرگە ساياھەتكە بارمىساق بولمايدۇ.

مىسالىم:

..........................................................................................................................................

..........................................................................................................................................

..........................................................................................................................................

4. تۆۋەندىكى جەدۋەلنى تولدۇرۇڭلار.

| يېڭى سۆزلىرىم | ئىنىقلىمام | لۇغەتتىكى مەنىسى |
|---|---|---|
| شانلىق | | |
| مەدەنىيەت | | |
| يىپەك يولى | | |
| نۇرلۇق | | |
| رەڭدار | | |
| سەلتەنەت | | |
| شۆھرەت | | |
| مۇئەللىپ | | |
| رەستە | | |
| ھۈنەرۋەن | | |



لۇغەت ــ سۆزلەر ئېلىپبە تەرتىپىگە ئاساسەن تىزىلغان ۋە مەنىسى ئىزاھلانغان كىتابتۇر. «لۇغەتنىم» دەپ ئىسىملەندۈرگەن بىر دەپتىرىڭلار بولسۇن. بۇ دەپتەر سىلەر تۈزۈپ چىققان لۇغەت بولىدۇ. دەپتىرىڭلارنىڭ تۇنجى بېتىگە «مۇندەرىجە» دەپ ماۋزۇ يېزىپ، ئاستىغا 32 ھەرپنى ئېلىپبە رەت تەرتىپى بويىچە تىزىپ چىقىڭلار. ئاندىن ئىككى ۋاراقنى بىر ھەرپ ئۈچۈن ئايرىڭلار. ئايرىلغان ئىككى ۋاراقنىڭ تۇنجى بېتىگە، ئەڭ ئۈستىگە كېلىدىغان قىلىپ، يەنە ئېلىپبە رەت تەرتىپى بويىچە بىر ھەرپتىن يېزىپ تەييار قىلىڭلار.

5. يۇقىرىدىكى كۆنۈكمىدە بېرىلگەن ئون سۆزنى، مەنىسى بىلەن قوشۇپ، ئېلىپبە تەرتىپىگە ئاساسەن «لۇغىتىم»گە يېزىڭلار.

6. «يېڭى سۆزلىرىم»نىڭ ھەر بىرىگە بىردىن جۈملە تۈزۈڭلار.

7. بۇ دەرستىكى تېكىستكە پەرقلىق ئىككى ماۋزۇ يېزىڭلار.

..........................................................................................

..........................................................................................

8. خەرىتىدە 1-10 نومۇرلاردا ۋەتىنىمىزگە قوشنا بولغان دۆلەتلەر كۆرسىتىلگەن. تىزىملىكتىكى دۆلەت ئىسىملىرىنى، خەرىتىدىكى نومۇرغا ماس كەلگەن جايلارغا يېزىڭلار.




قوشنا دۆلەتلەر

(1) قازاقىستان
(2) رۇسىيە
(3) موڭغۇلىيە
(4) خىتاي
(5) تىبەت
(6) ھىندىستان
(7) پاكىستان
(8) ئافغانىستان
(9) تاجىكىستان
(10) قىرغىزىستان

## 2- دەرس

# سېھىرلىك، جەلپكار زېمىن – تۇرپان

ئۆمەرجان سىدىق

### (چۈشەندۈرۈش ماقالىسى)




تۇرپاننىڭ داڭلىق ماركىلىرى ناھايىتى كۆپ، ئۈزۈم بىلەن قوغۇن تۇرپاننىڭ سودا ماركىسى؛ يارغول بىلەن بېزەكلىك مىڭئۆيى تۇرپاننىڭ تارىخىي ماركىسى؛ بۈيلۈق – تۇرپاننىڭ يېشىل ماركىسى؛ يالقۇنتاغ بىلەن قۇمتاغ تۇرپاننىڭ قىزغۇچ ماركىسى؛ تۇرپان مۇقاملىرى ۋە نازىركوم قاتارلىق خەلق ناخشىلىرى تۇرپاننىڭ سەنئەت ماركىسى؛ تۈيۈق بىلەن لۈكچۈن تۇرپاننىڭ ئەنئەنە ماركىسى. تۇرپاننىڭ مۇشۇنداق كۆپ خىل، كۆپ قاتلاملىق ماركىلىرى بولغاچقىلا، تارىختىن بۇيان سېھىرلىك، جەلپكار زېمىن بولۇپ كەلگەن.

«تۇرپان» دېگەن سۆز «بۆيۈك قەلئە»، «چوڭ شەھەر»، «ئۇلۇغ دۆلەت» «مۇستەھكەم قورغان» دېگەندەك مەنىلەرگە ئىگە.



تۇرپاندىكى بېزەكلىك مىڭئۆي

تۇرپان — ۋەتىنىمىزدىكى سېھرىي كۆچكە ئىگە رايونلارنىڭ بىرى. تۇرپاندا مىڭئۆي مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ۋە قەدىمكى دەۋرلەرنىڭ ئىز-خارابىلىرى كۆپ، مىللىي ئۆرپ-ئادەت تۈسى قويۇق، تەبىئىي ئېكولوگىيەلىك شارائىتى ئۆزگىچە بولۇپ، «ئۈستى ئوچۇق تارىخ، مەدەنىيەت، تەبىئەت مۇزېيى» دەپ نامى بار.

تۇرپان شەھىرىنىڭ ئون كىلومېتىر شەرقىي شىمالىغا جايلاشقان بۇيلۇق سەيلىگاھى تۇرپانغا ساياھەتكە كەلگەنلەر كۆرمەي كېتەلمەيدىغان جايلارنىڭ بىرى. بۇيلۇقنىڭ سېھرىي كۆچى بىر قانچە خىل مەدەنىيەت، بىر قانچە خىل مەنزىرە، بىر قانچە خىل كىلىماتنىڭ گىرەلەشكەنلىكىدە. بىر تەرىپى گىياھ ئۈنمەيدىغان ئىدىقۇت تېغى، يەنە بىر تەرىپى پۈتۈن جىلغىنى قاپلىغان ياپيېشىل ئۈزۈملۈك باغلار. بۇ مەنزىرە كىشىگە ئاجايىپ سىرلىق تۇيغۇ بېرىدۇ.

## كۆنۈكمە

1. تۆۋەندىكى سوئاللارغا جاۋاب بېرىڭلار.



1) تۇرپاننىڭ داڭلىق ماركىلىرىنى دەپ بېرىڭلار.

2) «تۇرپان» سۆزىنىڭ مەنىسى نېمە؟

3) نېمە ئۈچۈن تۇرپاننى جەلپكار زېمىن دەيمىز؟

4) بۈيلۇقنىڭ سىھرى كۈچى نەدە؟

**2. تۆۋەندىكى سۆزلەرنى رەتلەپ، توغرا ۋە چۈشىنىشلىك جۈملە تۈزۈپ چىقىڭلار.**

1) داڭلىق/ تۈرپاننىڭ/ كۆپ / ناھايىتى/ ماركىلىرى

2) كۆرمەي/ ساياھەتكە/ بۈيلۇق/ بىرى/ كەلگەن جايلارنىڭ / سەيلىگاھى/ ساياھەتچىلەر/ كېتەلمەيدىغان

3) تۈرپاننىڭ / ۋە/ ماركىسى / سەنئەت /نازىركوم /مۇقاملىرى /ناخشىلىرى /تۈرپان

4) بولۇپ/ كىشىگە/ئاجايىپ / يەنە بىر /ياپپېشىل/گىياھ ئۆنمەيدىغان/سىرلىق تۇيغۇ بېرىدۇ / باغلار /بىرتەرىپى/ئۈزۈملۈك/ ئىدىقۇت تېغى



**3. تۆۋەندىكى جۈملىلەردە مەنە جەھەتتىن تەكرارلانغان سۆزلەر بولسا، كۆرسىتىپ بېرىڭلار.**

1) ھۆرلۈك باغچىسىنىڭ گۈزەل مەنزىرىسى چىرايلىق.

2) بىپايان كۆپكۆك سۈزۈك ئاسماندا بىر پارچىمۇ بۇلۇت يوق بولغاچقا، ئەينەكتەك سۈزۈك ئىدى.

3) يامغۇر يېغىپ كەتتى، مەن دەرھال قوشنىلار تاللاغا يېيىپ قويغان كىرلەرنى شۇ ھامان يىغىپ ئەكىرىپ قويدۇم.

4) ئالىم قىن-قىنىغا پاتماي تالادىن يۈگۈرۈپ كىردى-دە، خۇشاللىق بىلەن: «بىز تېلېۋىزور ئالدۇق» دېدى.

**4. تۆۋەندىكى جەدۋەلنى تولدۇرۇڭلار.**

| يېڭى سۆزلىرىم | ئېنىقلىمام | لۇغەتتىكى مەنىسى |
|---|---|---|
| ئەنئەنە | | |
| ماركا | | |

| | | |
|---|---|---|
| مىڭئۆي | | |
| سېھىرلىك | | |
| خارابىلىك | | |
| جەلپكار | | |
| بۈيۈك | | |
| ئاۋام | | |
| قەلئە | | |
| مەنزىرە | | |

5. يۇقىرىدىكى «يېڭى سۆزلەر»نى لۇغەتتىكى مەنىسى بىلەن قوشۇپ، «لۇغىتىم»گە يېزىڭلار.

6. «يېڭى سۆزلەر»نىڭ ھەر بىرسىگە بىردىن جۈملە تۈزۈڭلار.

7. تۆۋەندىكى خەرىتىدە، ۋەتىنىمىزدىكى بىر قىسىم شەھەرلەر ۋە ناھىيەلەر، 11ـ33 نومۇردا كۆرسىتىلگەن. تىزىملىكتىكى شەھەر ۋە ناھىيە ئىسىملىرىنى خەرىتىدىكى ماس ئورۇنلارغا يېزىڭلار.

| | | |
|---|---|---|
| (11) ئالتاي شەھىرى | (19) تۇرپان شەھىرى | (27) يەكەن ناھىيەسى |
| (12) چۆچەك شەھىرى | (20) قۇمۇل شەھىرى | (28) قاراقاش ناھىيەسى |
| (13) قاراماي شەھىرى | (21) كورلا شەھىرى | (29) خوتەن شەھىرى |
| (14) بورتالا شەھىرى | (22) كۇچا ناھىيەسى | (30) كېرىيە ناھىيەسى |
| (15) قورغاس ناھىيسى | (23) ئاقسۇ شەھىرى | (31) نىيە ناھىيەسى |
| (16) غۇلجا شەھىرى | (24) ئارال شەھىرى | (32) چەرچەن ناھىيەسى |
| (17) سانجى شەھىرى | (25) ئاتۇش شەھىرى | (33) چاقىلىق ناھىيەسى |
| (18) ئۈرۈمچى شەھىرى | (26) قەشقەر شەھىرى | |




8. سـلەر ۋەتـنـمـزگـە قوشـنا بولغـان قايسـى دۆلەتلەرگـە باردـڭلار؟ بـۇ دۆلەتلـەر ھەققـدە نېملەرنى بلسسلەر؟ مۇشۇ ھەقتە سۆھبەت ئېلىپ بېرىڭلار.

9. سـلەر ۋەتـنـمـزدىكى قايسـى شـەھەر ۋە ناھىيەلەرگـە باردـڭلار؟ ۋەتـنـمـزدىكى شـەھەر ۋە ناھىيەلەر ھەققدە نېملەرنى بلسسلەر؟ مۇشۇ ھەقتە سۆھبەت ئېلىپ بېرىڭلار.

# 3-دەرس

## ئويغان

ئابدۇخالىق ئۇيغۇر

(شېئىر)



ئەي پېقىر ئۇيغۇر، ئويغان، ئۇيقۇڭ يېتەر،
سەندە مال يوق، ئەمدى كەتسە، جان كېتەر،
بۇ ئۆلۈمدىن ئۆزۈڭنى قۇتقۇزمىساڭ،
ئاھ، سېنىڭ ھالىڭ خەتەر، ھالىڭ خەتەر.

كۆزۈڭنى يوغان ئېچىپ ئەتراپقا باق،
ئۆز ئىقبالىڭ ھەققىدە ئويلان ئۇزاق.
كەتسە قولدىن بۇ غەنىيمەت پۇرستى،
كېلەچەك ئىشىڭ چاتاق، ئىشىڭ چاتاق.

ئېچىنار كۆڭلۈم ساڭا ئەي ئۇيغۇرۇم،
سەپدىشىم، قېرىندىشىم، بىر تۇغقىنىم.
كۆيۈنۈپ ھالىڭغا ئويغاتسام سېنى،
ئاڭلىمايسەن، زادى نېمە بولغىنىڭ؟

## كۆنۈكمە

**1. تۆۋەندىكى سوئاللارغا جاۋاب بېرىڭلار.**



1) شائىر شېئىردا كىمگە خىتاب قىلىۋاتىدۇ؟

2) شائىر شېئىردا قانداق ھېسسىياتنى ئىپادىلىگەن؟

3) شائىر شېئىرغا نېمە ئۈچۈن «ئويغان» دەپ ماۋزۇ قويغان؟

4) شائىر بۇ شېئىر ئارقىلىق نېمە دېمەكچى؟

**2. تۆۋەندىكى جەدۋەلنى تولدۇرۇڭلار.**

| خۇلاسەم | چۈشەنگەنلىرىم | كۇپلېت |
|---|---|---|
| | | 1 |
| | | 2 |
| | | 3 |

**3. جۈملىدىكى بوش ئورۇنغا مۇۋاپىق سۆزنى تالالاپ تولدۇرۇڭلار.**

ئەركىنلىكى　　ۋەتەنپەرۋەر　　ياشىسۇن ھۆرلۈك　　تىز پۈكمەيدىغان　　باللارغا　　شېئىر

1) ئابدۇخالىق ئۇيغۇر ........................................ شائىر.

2) ئۇ ........................................ زامانىۋى بىلىم بېرىدىغان مەكتەپ ئاچقان.

3) ئابدۇخالىق ئۇيغۇر نۇرغۇن ........................................ يازغان.

4) ئابدۇخالىق ئۇيغۇر 32 يېشىدا ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ........................................ ئۈچۈن شېھىت بولغان.

5) ئا. ئۇيغۇر شېھىت بولۇشتىن ئاۋۋال ........................................ دەپ شۇئار توۋلىغان.

6) ئۇ ئۇيغۇر خەلقىنىڭ دۈشمەنگە ........................................ روھىنى نامايەن قىلغان.

**4. تۆۋەندىكى سۆزلەرنى ئىشلىتىپ جۈملە تۈزۈڭلار.**

1) ئومومەن

ئۈلگە: مەيداندا ئۆتىلىدىغان تەنتەربىيە دەرسىمىزنى ھېسابقا ئالمىغاندا، دەرسلىرىمىز ئومۇمەن سىنىپتا ئۆتىلىدۇ.

جۈملەم:

2) بولۇپمۇ

ئۈلگە: مەن شېئىر ئوقۇشنى ياخشى كۆرىمەن، بولۇپمۇ ئابدۇخالىق ئۇيغۇرنىڭ شېئىرلىرىغا ئالاھىدە قىزىقىمەن.

جۈملەم:



3) شۇڭلاشقا

ئۈلگە: بوگۈن يامغۇر ياغىدىكەن، شۇڭلاشقا يېنىمغا كۈنلۈك ئېلىۋالدىم.

جۈملەم:

4) جۈملىدىن

ئۈلگە: ئۇيغۇر ئوقۇغۇچىلار ناھايىتى تىرىشچان، جۈملىدىن «ئىزچىلار» سىنىپىنىڭ نەتىجىسى ئالاھىدە ياخشى.

جۈملەم:

5. تۆۋەندىكى جەدۋەلنى تولدۇرۇڭلار.

| يېڭى سۆزلىرىم | ئېنىقلىمام | لۇغەتتىكى مەنىسى |
|---|---|---|
| پېقىر | | |
| ئويغان | | |
| يېتەر (يەتـ ـ ـەر) | | |
| جان | | |
| ھال | | |
| خەتەر | | |
| ئىقبال | | |
| غەنىيمەت | | |
| مال | | |
| قۇتقۇز- | | |

6. يۇقىرىدىكى «يېڭى سۆزلىرىم»نى لۇغەتتىكى مەنىسى بىلەن قوشۇپ، «لۇغىتىم»گە يېزىڭلار.

7. «يېڭى سۆزلىرىم»نىڭ ھەر بىرسىگە بىردىن جۈملە تۈزۈڭلار.

## بىلىۋالاي



**تەرجىمھال:** بىر كىشىنىڭ تۇغۇلغان ۋاقتى، نەدە ياشاپ نېمە ئىش قىلغانلىقى، ئەگەر ۋاپات بولۇپ كەتكەن بولسا ۋاپاتى بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئۇچۇر قاتارلىقلار ئومۇملاشتۇرۇلۇپ «تەرجىمھال» دەپ ئاتىلىدۇ.

## بالدۇر ئويغانغان ئادەم—ئابدۇخالىق ئۇيغۇر

مۇھەممەت شانىياز

(تەرجىمھال)

ۋەتەنپەرۋەر شائىر ئابدۇخالىق ئۇيغۇر 1901- يىلى 2- ئاينىڭ 9- كۈنى تۇرپان شەھرىدە سودىگەر ئائىلىسىدە تۇغۇلغان.

ئابدۇخالىق ئۇيغۇر بەش يېشىدىلا ساۋادىنى چىقىرىپ، ئون ئىككى ياشلاردا مەدرىسكە كىرىپ، ئەرەب ۋە پارس تىللىرىنى ئۆگىنىشكە باشلايدۇ. 1916- يىلى چوڭ دادىسى مىجىت ھاجى بىلەن بىللە رۇسىيەنىڭ شەمەي شەھرىگە سودا ئىشلىرى بىلەن بېرىپ، ئۇ يەردە رۇس تىلىنى تىرىشىپ ئۆگىنىدۇ. ۋەتەنگە قايتقاندىن كېيىن، ئۆز خەلقىنى ئويغىتىشقا بەل باغلاپ، خەلقنى مەرىپەتكە، ھۆرلۈككە باشلايدىغان ئىلغار پىكىرلىك شېئىرلىرىنى يازىدۇ. ھەمدە زامانىۋى بىلىملەر ئۆگىتىلىدىغان پەننىي مەكتەپلەرنى ئاچىدۇ.



ئۆز غايىسى يولىدا تىز پۈكمەس روھقا ئىگە ئابدۇخالىق ئۇيغۇر «ئويغان»، «ئاچىل» قاتارلىق نۇرغۇنلىغان ئىلغار پىكىرلىك شېئىرلارنى يېزىپ، خەلقنى ئىشغالىيەتكە قارشى كۈرەش قىلىشقا چاقىرىدۇ؛ 1932- يىلى 11- ئايدا قوزغىلاڭغا رەھبەرلىك قىلىپ، تۇرپان يېڭىشەھەرنى دۈشمەنلەردىن قايتۇرۇۋالىدۇ. 1933- يىلى جاللات شېڭ شىسەي ئابدۇخالىق ئۇيغۇر ۋە ئۇنىڭ سەپداشلىرىنى تۇتۇپ، تۈرمىگە تاشلايدۇ. ئابدۇخالىق ئۇيغۇر دۈشمەننىڭ قاتتىق-يۇمشاق ۋاستىلىرىگە پىسەنت قىلماي، ئۇلارنىڭ سۇيىقەستلىرىنى پاش قىلىپ، دۈشمەنگە بولغان غەزەپ-نەپرىتىنى ئىپادىلەيدۇ. سۇيىقەستى ئىشقا ئاشمىغان جاللات شېڭ شىسەي شۇ يىلى 3- ئاينىڭ 13- كۈنى ئۇنى سەپداشلىرى بىلەن قوشۇپ تۇرپان شەھرىدە سازايى قىلىپ، جازا مەيدانىغا ئېلىپ چىقىدۇ. قەيسەر ئابدۇخالىق ئۇيغۇر «ياشىسۇن ئەركىنلىك!»، «ياشىسۇن ھۆرلۈك!» دەپ ياڭراق شۇئار توۋلاپ، مەردلەرچە شېھىت بولىدۇ.

## 4-دەرس

### ئۇيغۇر تىلى بىلىملىرى: سان

#### سان دېگەن نېمە؟

شەيئىلەرنىڭ ھېسابىنى، سان-سانىقىنى، تەرتىپىنى ياكى نومۇرلۇق بەلگىسىنى بىلدۈرىدىغان سۆزلەر سان دېيىلىدۇ. سان «نەچچە، قانچە، نەچچىلىك، قانچىلىك، نەچچىنچى، قانچىنچى» دېگەن سوئاللارغا جاۋاب بولۇپ كېلىدۇ. مەسىلەن:

سەككىز (8)، ئون بىر (11)، يىگىرمە (20)، سەكسەن ئىككى (82)، بىر يۈز سەكسەن ئالتە (186)، مىڭ (1000)، تۆتتىن بىر ($\frac{1}{4}$)، مىڭدىن بىر ($\frac{1}{1000}$)، يۈزچە، نەچچە مىڭ، مىڭلىغان، بەشىنچى (5-)، ئون ئالتىنچى (16-)

سانلار ساناق سان، تەرتىپ سان، مۆلچەر سان ۋە كەسىر سان دېگەندەك تۈرلەرگە بۆلىنىدۇ.

1. ساناق سان: ئاددىي ۋە مۇرەككەپ سانلارنىڭ ئەسلىي شەكلى ساناق سان ھېسابلىنىدۇ. مەسىلەن:

مەكتىپىمىزدە ئۈچ مىڭ ئوقۇغۇچى بار.

دۇنيادا يەتتە قىتئە، بەش ئوكيان بار.

توخۇ، توشقان ئەللىك، پۈتى بىر يۈز ئىككى.

2. تەرتىپ سان: شەيئىلەرنىڭ رەت-تەرتىپىنى، دەرىجىسىنى ياكى نۇمۇرلۇق بەلگىسىنى بىلدۈرۈپ كېلىدىغان شەكلى تەرتىپ سان دەپ ئاتىلىدۇ. مەسىلەن:

بىرىنچى(1-) سىنىپ، بەشىنچى(5-) بىنا، يۈز بىرىنچى(101-) ئۆي

3. مۆلچەر سان: مۆلچەر سانلار شەيئىلەرنىڭ تەخمىنىي سانىنى بىلدۈرىدۇ. ئۇيغۇر تىلىدا مۆلچەر سانلار بىر نەچچە خىل ئۇسۇلدا ياسىلىپ، ھەرقايسىسى ئۆزىگە خاس مۆلچەر، تەخمىن مەنىسىنى





ئىپادىلەيدۇ.

1) ساناق سانلارغا «+چە» ياكى «+دەك\+تەك» قوشۇمچىسىنىڭ قوشۇلۇشى بىلەن بىر خىل مۆلچەر سان ياسىلىدۇ. بۇ خىل مۆلچەر سانلار شۇ ساناق ساندىن سەل كەم ياكى ئارتۇق بولۇشى مۇمكىن بولغان مۆلچەر ساننى ئىپادىلەيدۇ. مەسىلەن:

ئەللىك + چە = ئەللىكچە؛ مىڭ + دەك = مىڭدەك

بۇگۈنكى يىغىنغا ئەللىكچە (ئەللىكتەك) ئادەم قاتناشتى.

بىزنىڭ مەكتەپتە ئىككى مىڭدەك (ئىككى مىڭچە) ئوقۇغۇچى بار.

2) ئىككى ساناق ساننى جۈپلەشتۈرۈش يولى بىلەن بىر خىل مۆلچەر سان ياسىلىدۇ. بۇ خىل مۆلچەر سانلار شۇ ئىككى ساناق سان ئارىلىقىدىكى مۆلچەر ساننى ئىپادىلەيدۇ.

مەسىلەن:

مەن سىزنى ئىزدەپ بەش-ئالتە قېتىم باردىم.

ئۇلارنىڭ مەكتىپىدە ئۈچ-تۆت مىڭ ئوقۇغۇچى بار.

بۇ ئون-يىگىرمە كۈنلۈك ئىش ئەمەس.

4. كەسىر سان: كەسىر سانلار بىردىن كىچىك بولغان پارچە ساننى بىلدۈرىدۇ. ئادەتتە بىر پۈتۈنلۈكنى تەشكىل قىلغان شەيئىلەرنىڭ مەلۇم قىسمىنى كۆرسىتىش ئۈچۈن قوللىنىلىدۇ.

كەسىر سانلار مەخرەجنى ئىپادىلەيدىغان ۋە سۈرەتنى ئىپادىلەيدىغان ئىككى ساناق ساندىن تۈزۈلىدۇ. مەخرەجنى ئىپادىلەيدىغان ساناق سان «+دىن\+تىن» قوشۇمچىسى بىلەن بىرىكىپ ئالدىدا كېلىدۇ. ئاندىن سۈرەتنى ئىپادىلەيدىغان ساناق سان كېلىدۇ. مەسىلەن:

تۆتتىن ئۈچ ($\frac{3}{4}$)، ئوندىن يەتتە ($\frac{7}{10}$)، مىڭدىن بىر ($\frac{1}{1000}$)، يۈزدىن بەش ($\frac{5}{100}$)...

## كۆنۈكمە

**1. تۆۋەندىكى سوئاللارغا جاۋاب بېرىڭلار.**

1) سان دېگەن نېمە؟ مىسال كەلتۈرۈڭ.

2) سانلار قانچە تۈرگە بۆلۈنىدۇ؟

3) ساناق سان دېگەن نېمە؟ مىسال كەلتۈرۈڭ.

4) تەرتىپ سانچۇ؟ مىسال كەلتۈرۈڭ.



**2. تۆۋەندىكى بوش ئورۇنلارنى تولدۇرۇڭلار.**

1) شـەيئىلەرنىڭ ............... نـى، ............... نـى ياكـى نومۇرلـۇق بەلگىسـىنى بىلدۈرىدىغان سۆزلەر سان دېيىلىدۇ.

2) سانلار ............... دېگەن سوئاللارغا جاۋاب بولۇپ كېلىدۇ.

3) ............... ۋە ............... سانلارنىڭ ئەسلىي شەكلى ساناق سان ھېسابلىنىدۇ.

4) كەسـر سـانلار ............... نـى ئىپادىلەيدىغـان ۋە ............... نـى ئىپادىلەيدىغـان ئىككى ساناق ساندىن تۈزۈلىدۇ.

**3. تۆۋەندىكى جۈملىلەرنىڭ توغرا ـ خاتالىقىغا ھۆكۈم قىلىڭلار.**

1) بىردىن كىچىك پارچەساننى بىلدۈرىدىغان سانلار كەسر سان دەپ ئاتىلىدۇ.

2) «مەكتىپىمىـزدە بـەش ـ ئالتـە مىـڭ ئوقۇغۇچـى بـار» دېگـەن جۈملىدىكـى «بەش ـ ئالتـە مىڭ» دېگەن سان، تەرتىپ سان بولىدۇ.

3) مۆلچەر سانلار شەيئىلەرنىڭ تەخمىنى ساننى بىلدۈرىدۇ.

4) «201 ـ ئۆي» دىكى 201 دېگەن سان، ساناق سان بولىدۇ.

**4. تۆۋەندىكى سانلارنى تۈرلەرگە ئايرىڭلار.**

| سانلار | ساناق سان | تەرتىپ سان | مۆلچەر سان | كەسر سان |
|---|---|---|---|---|
| ئەللىكچە | | | | |
| يۈز بەش | | | | |
| بىر يۈز ئەللىك | | | | |
| ئوتتۇرانچى | | | | |
| تۆتتىن ئۈچ | | | | |
| 327 ـ | | | | |
| ئون ئالتە | | | | |
| بەش ـ ئالتە مىڭ | | | | |

| | | | | |
|---|---|---|---|---|
| بىرىنچى | | | | |
| 3000 | | | | |
| ئوتتۇز نەچچە | | | | |

# مەشىق باغچىسى

**1. تۆۋەندىكى سۆزلەرنى تۆتتىن تۇتاشتۇرۇش ئارقىلىق سۆز بىرىكمىسى ياساڭلار.**

| | |
|---|---|
| ئورەك | ئۇچۇش |
| ھەيۋە | دۈۋىلەش |
| خۇشال | كۆرسىتىش |
| توپا | كولاش |
| لەرزان | بولۇش |




**2. تېپىڭلارچۇ، ئۇ نېمە؟**

بىر دەرەختە تۆت پۇتاق،
ھەر پۇتاقتا ئۈچ تال شاخ.
ھەر شېخىدا ئوتتۇز يوپۇرماق،
ھەر يوپۇرماقنىڭ بىر چېتى قارا، بىر چېتى ئاق.

(يىل، ئاي، كۈن)

كۆزۈم يۇمۇقلۇق،
تېنىم ھەرىكەتسىز.
لېكىن كۆرگىنىم،
ھەر خىل ۋە سانسىز.

(چۈش)

3. مۇۋاپىق سۆزلەرنى تاللاپ تۆۋەندىكى بوش ئورۇنلارغا يېزىڭلار.

ھاڭۋېقىپ　　كۆڭۈل قويغان　　ئىللىق　　گويا　　تاتىرىپ　　لەززەتلىك

1) مەن ئۆزۈمنى .................... ئۇچۇۋاتقاندەك ھېس قىلىشقا باشلىدىم.

2) تۇيۇقسىز چىققان ئاۋازدىن قورقۇپ، چىرايى .................... كەتتى.

3) ئانامنىڭ ئەتكەن تاماقلىرى بەكمۇ .................... .

4) قىيىن ئىش يوق ئالەمدە، ....................ئادەمگە.

5) بىلىم خۇددى .................... قۇياشتەك، ئەتراپقا نۇر چاچىدۇ.

6) ئۇ سوئالنىڭ جاۋابىنى بىلەلمەي، .................... تۇرۇپلا قالدى.

4. تۆۋەندىكى ئىسخېمىنىڭ بوش جايىغا، بەشتىن مىسال يېزىڭلار.




5. بۇ بۆلەكنىڭ بېشىدا بېرىلگەن خەرىتىدىن پايدىلىنىپ، ۋەتىنىمىز بىلەن چېگرادىش بولغان قوشنا دۆلەتلەرنىڭ ئىسمىنى يېزىڭلار.

6. تۆۋەندە بېرىلگەن سۆز ۋە سۆز بىرىكمىلىرىنى «ۋەتىنىم» دېگەن سۆز بىلەن باغلاپ جۈملە تۈزۈڭلار.

| | | | |
|---|---|---|---|
| سۆيۈن- | كۆڭلى يېرىم بول- | خۇشال بول- | خاپا بول- |
| كۈل- | يىغلا- | بۇرچىنى ئادا قىل- | ياردەم قىل- |
| پەخىرلەن- | قوغدا- | ئىگە چىق- | ھىمايە قىل- |

ئۈلگە: ۋەتىنىم! سېنى يوقلاپ بارالمىدىم، مەندىن خاپا بولمىغىن.

7. «يىپەك يولىدىكى نۇرلۇق مەرۋايىت — قەشقەر» ماۋزۇلۇق تېكىست بىلەن «سېھىرلىك، جەلپكار زېمىن — تۇرپان» ماۋزۇلۇق تېكىستنى ئاساس قىلىپ، تۆۋەندىكى جەدۋەلنى تولدۇرۇڭلار.

| سېلىشتۇرۇش ئۆلچەملىرى | ئورتاق | پەرقلىق |
|---|---|---|
| بەش سۆز | | |
| مەزمۇنى | | |
| ئىپادىلەنگەن ھېس-تۇيغۇ | | |
| ژانىرى | | |

# گۈزەل تەبىئەت

دەرسكە تەييارلىق

- سىز تۆرۈۋاتقان يەردە قانچە پەسىل بار؟
- سىز قايسى پەسىلنى بەكرەك ياخشى كۆرىسىز؟

## 5- دەرس

## كەل باھار

(شېئىر)

كۆكلەم باغرىم كەل، سېغىندىم سېنى،
يېشىل قوينۇڭغا تارتىۋال مېنى.
قۇشلىرىڭنىڭ سايرىشى ئارامى جانىنىڭ،
سۇلىرىڭنىڭ شارقىرىشى ھەرىكىتى تەنىنىڭ.
كۆكلەم بول چاپسان، تەبىئەتكە جان سال،
چىرماشسۇن تىرىلىپ، ماشا مەجنۇنتال.
كۆكلەم جىگىرىم سەن، ئاچ ئېتىزلارنى،
كەڭ سەھنەڭگە تارتىۋال، ئىشچان قىزلارنى.
سەيلە قىلسۇن ھەر ياندا باھار پەرۋازى،
جاراڭلىسۇن ئېتىزدا ئەمگەك ئاۋازى.
كەتمەن ئالسۇن دېھقان، تىلغىسۇن يەرنى،
ئالتۇن تېرىش ئۇچۇن تۆكسۇن ساپ تەرنى.
كۆكلەم، يەرگە دەم سال، ئويغانسۇن قۇش-قۇرۇت،
دەرەخلەر پەخىرلەنسۇن تارتىپ ساقال-بۇرۇت،
يېشىل باغلار، ئارام چاغلار يۈزى ئېچىلسۇن،
كەڭ ھاۋانىڭ قاتلىمىغا نۇرلار چېچىلسۇن.




دېھقان بالىسى چولپان بىلەن بەسلىشىپ تۇرسۇن،
بوستان قىلىش ئۈچۈن يەرنى، كەتمەننى ئۇرسۇن.
مەرۋايىتتەك تەرلىرى ماڭلايدىن ئاقسۇن،
ئىشقا تويۇپ يەرلىرى قەنتنى چاقسۇن.
بۇ قىياپەت، بۇ كۆرۈنۈش شائىرغا ئىلھام،
ھېچ تويماسمەن بۇلارنى زوق بىلەن يازسام.
كەل باھار، مەرھابا، كۈتمەن سېنى.
يېشىل ئىلھام قويىنىغا ئورىدىڭ مېنى.

## كۆنۈكمە

1.تۆۋەندىكى سوئاللارغا جاۋاب بېرىڭلار.

1) شائىر «كۆكلەم»نىڭ كېلىشى بىلەن قانداق ئىشلارنىڭ بولۇشىنى ئۈمىد قىلدى؟



2) دېھقانلار باھاردا نېمە ئىشلارنى قىلىدۇ؟

3) «كۆكلەم»نىڭ كېلىشى نېمىدىن دېرەك بېرىدۇ؟

4) بۇ شېئىر ھەققىدە تەسراتىڭىز قانداق؟

## 2. تۆۋەندىكى رەسىمنى كۆزىتىپ، تۆت پەسىلنىڭ پەرقىنى ئېيتىپ بېرىڭلار.



## 3 تۆۋەندىكى باغلىغۇچىلاردىن پايدىلىنىپ جۈملە تۈزۈڭلار.

1) گەرچە ........................................................................................................



ئۈلگە: گەرچە ئۇ مەكتەپتە رەسىم سىزىپلا يۈرسىمۇ، ئۆيدە دائىم كىتاب ئوقۇيتتى.

جۈملەم: ........................................................................

........................................................................................

2) ........................ شۇنىسى ........................

ئۈلگە: ھەممە تەييارلىقىمىز پۈتتى، شۇنىسى ماشىنا كەلمەيۋاتىدۇ.

جۈملەم: ........................................................................................................

........................................................................................................

## 4. تۆۋەندىكى جەدۋەلنى تولدۇرۇڭلار.

| يېڭى سۆزلىرىم | ئېنىقلىمام | لۇغەتتىكى مەنىسى |
|---|---|---|
| كۆكلەم | | |
| مەجنۇنتال | | |

| | | |
|---|---|---|
| سەھنە | | |
| تىلغا | | |
| تورغاي | | |
| ھۆۋەيدا | | |
| چولپان | | |
| ماڭلاي | | |
| ئىلھام | | |
| مەرۋايىت | | |

5. يۇقىرىدىكى «يېڭى سۆزلەر»نى لۇغەتتىكى مەنىسى بىلەن قوشۇپ، «لۇغىتىم»گە يېزىڭلار.

6. «يېڭى سۆزلەر»نىڭ ھەر بىرسىگە بىردىن جۈملە تۈزۈڭلار.

7. كىتابىڭلارنىڭ مۇقاۋىسىنى كۆزىتىپ، نېمىلەرنى كۆرگىنىڭلارنى ئېيتىپ بېرىڭلار.

6- دەرس

# كىمگە رەھمەت ئېيتىش كېرەك؟

(مەسەل)



مايسا قىز ئاپئاق قار يوتقان ئاستىدا تويتوغرا بىر قىش ئۇخلاپ، ئەمدى ئويغىنىپتۇ. ئۇ قار يوتقىنىنى ئېچىپ، يېشىل بېشىنى چىقىرىپ، ئەتراپقا نەزەر تاشلىغانىكەن، پاھ، تاغلار كۆكىرىپ، سۇلار شارقىراپ ئېقىۋاتقۇدەك، باھار كەپتۇ ــ دە!

باھار كېلىشى بىلەن قار ھەدە كەتمەكچى بوپتۇ. بۇ چاغدا مايسا قىز قار ھەدىنىڭ قولىنى تۇتۇپ تۇرۇپ:

ــ رەھمەت سىزگە قار ھەدە، سىزنىڭ قار يوتقىنىڭىز بولمىغان بولسا، مەن قىشتىن چىقالمىغان بولاتتىم! ــ دەپتۇ.

ــ مايسا قىز، ماڭا رەھمەت ئېيتىشنىڭ ھاجىتى يوق، قىش بوۋىمىزغا رەھمەت ئېيتىش كېرەك. ئۇنىڭ ياردىمى بولمىغان بولسا، مەن سىزگە قار يوتقاننى بېرەلمىگەن بولاتتىم، ــ دەپتۇ قار ھەدە.

مايسا قىز بېشىنى كۆتۈرۈپ قارىغانىكەن، قىش بوۋاي ئالللىقاچان ئۇيۇققا بېرىپ بوپتۇ. مايسا قىز ئالدىرىغان ھالدا:

ــ رەھمەت سىزگە قىش بوۋا، سىز بىزگە قار يوتقان ئەكېلىپ بەردىڭىز، ــ دەپ توۋلاپتۇ.

مايسا قىز، رەھمەتنى ماڭا ئەمەس قۇياش موماڭغا ئېيتقىن. ئۇ سۇنى پارغا ئايلاندۇرۇپ ئاسمانغا چىقارمىغان بولسا، مەن قاردىن يوتقان تىكەلمىگەن بولاتتىم! ــ دەپتۇ.

مايسا قىز بېشىنى كۆتۈرۈپ، ئىللىق نۇر چېچىپ تۇرغان قۇياش مومايغا قاراپ:



ــ رەھمەت سىزگە قۇياش موما، سىز سۇنى ئىسسىتىپ، پارغا ئايلاندۇرۇپ قىش بوۋامغا بەردىڭىز، قىش بوۋام قار ھەدەمنىڭ قار يوتقان تىكىشىگە ياردەم بەردى، ــ دەپتۇ.

قۇياش موماي ئالتۇندەك پارقىراپ تۇرغان ئۇزۇن چاچلىق بېشىنى چايقاپ تۇرۇپ:

ــ مايسا قىز، ماڭا رەھمەت ئېيتىش ھاجەتسىز، يەنىلا دېڭىز ئاناڭغا رەھمەت ئېيتقىن. ئۇنىڭ بۈژغۈنلىرى بولمىغان بولسا، مەن قىش بوۋاڭغا ياردەم قىلالمايتتىم! ــ دەپتۇ.

مايسا قىز دېڭىز ئانىغا تەزىم قىلىپ تۇرۇپ:

— رەھمەت سىزگە دېڭىز ئانا، سىز بۇژغۇنلارنى قۇياش موماغا ھەدىيە قىپسىز، قۇياش مومام ئۇنى پارغا ئايلاندۇرۇپ قىش بوۋامغا بېرىپتۇ، قىش بوۋام ئۇنىڭدىن قار يوتقان تىكىپ قار ھەدەمگە سوۋغات قىلىپتۇ، قار ھەدەم بۇ يوتقاننى مېنى توڭلاپ نابۇت بولمىسۇن دەپ، ماڭا ۋە مېنىڭ ئاچا-سىڭىللىرىمنىڭ ئۈستىگە يېپىپ قويۇپتۇ، — دەپتۇ.

بۇ سۆزلەرنى ئاڭلىغان دېڭىز ئانا كۆپكۆك چىرايىغا كۈلكە يۈگۈرتۈپ، ئەدەپ بىلەن:

— ماڭا رەھمەت ئېيتىشىڭنىڭ ھاجىتى يوق، مايسا قىز كۆپچىلىككە رەھمەت ئېيتىڭ. قۇياش مومىڭىز، قىش بوۋىڭىز، قار ھەدىڭىزنىڭ ئورتاق ئەمگىكى بولمىغان بولسا، سىلەرنىڭ قار يوتقىنىڭلارنى تىكىپ پۈتتۈرگىلى بولمايتتى، — دەپتۇ.

بۇ سۆزلەرنى ئاڭلىغان مايسا قىز قوللىرىنى كۆكسىگە قويۇپ، ھەممەيلەنگە ئېگىلىپ تەزىم قىلىپ رەھمىتىنى بىلدۈرۈپتۇ. ئاندىن مەيىن باھار شامىلى پەدىسىگە جور بولۇپ، بېشىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، غولاچلىرىنى كېرىپ، شادىيانە ئۇسسۇلغا چۈشۈپتۇ.

## كۆنۈكمە

### 1. تۆۋەندىكى سوئاللارغا جاۋاب بېرىڭلار.

1) مايسا قىز نېمە ئۈچۈن قار ھەدىگە رەھمەت ئېيتتى؟

2) قار ھەدە، قىش بوۋا، قۇياش موما ۋە دېڭىز ئانىلارنىڭ بىر-بىرى بىلەن نېمە مۇناسىۋىتى بار؟

3) مايسا قىز زادى كىمگە رەھمەت ئېيتىشى كېرەك؟ نېمە ئۈچۈن؟

4) سىز قانداق ۋاقىتتا باشقىلارغا رەھمەت ئېيتىسىز؟



### 2. مۇۋاپىق سۆزنى تاللاپ بوش ئورۇنغا يېزىڭلار.

1) بۇقا كېلىپ ھېلىقى ئادەمنى ............ (ئۈرۈۋېتىپتۇ، ئۈسۈۋېتىپتۇ).

2) سىزنىڭ ياردىمىڭىز بولمىغان بولسا، مەن قىشتىن ............ (چىقالمىغان، ئايرىلالمىغان) بولاتتىم.

3) كىمگە رەھمەت ............ (سۆزلەش، ئېيتىش) كېرەك؟

4) مايسا قىز بېشىنى ............ (كۆتۈرۈپ، ئېگىپ)، ئىللىق نۇر چېچىپ تۇرغان قۇياش مومايغا قاراپ كۈلۈمسىرىدى.

### 3. تۆۋەندىكى جۈملىلەرگە سوئال يېزىڭلار.

1) باھار كېلىشى بىلەن قار ھەدەپ كەتمەكچى بوپتۇ.

سوئال: ........................................

2)مايسا قىز بېشىنى كۆتۈرۈپ قارىغانىكەن، قىش بوۋاي ئالللىقاچان ئويپۇقتا بېرىپ بوپتۇ.

سوئال: ........................................

3) دېڭىز ئانا بوژغۇنلارنى قوياش موماىغا ھەدىيە قىپتۇ.

سوئال: ........................................

4)مايسا قىز قوللىرىنى كۆكسىگە قويۇپ، ھەممەيلەنگە رەھمەت ئېيتىپتۇ.

سوئال: ........................................

### 4. تۆۋەندىكى جەدۋەلنى تولدۇرۇڭلار.

| يېڭى سۆزلىرىم | ئېنىقلىمام | لۇغەتتىكى مەنىسى |
|---|---|---|
| نەزەر تاشلا- | | |
| ئۇپۇق | | |
| پارغا ئايلان- | | |
| پارقىرا- | | |
| بوژغۇن | | |
| ھەدىيە  قىل- | | |
| تەزىم قىل- | | |
| جور بول- | | |
| قار يوتقان | | |
| شادىيانە | | |

### 5. يۇقىرىدىكى «يېڭى سۆزلىرىم»نى لۇغەتتىكى مەنىسى بىلەن قوشۇپ، «لۇغىتىم»گە يېزىڭلار.

### 6. «يېڭى سۆزلىرىم»نىڭ ھەر بىرسىگە بىردىن جۈملە تۈزۈڭلار.

### 7. تېكستكە پەرقلىق ئىككى ماۋزۇ يېزىڭلار.

## 7-دەرس

# ئورمان – بباھا بايلىق

### (چۈشەندۈرۈش ماقالىسى)



يەر شارىدىكى ئورمان كۆلىمى قۇرۇقلۇق كۆلىمىنىڭ ئۈچتىن بىر قىسمىنى ئىگىلەيدۇ. ئورمان يۇقىرى ئىقتىسادىي ئۈنۈم يارىتىپلا قالماستىن، يەنە ئۇنىڭ مۇھىتنى ئاسراشتىكى رولىمۇ ئىنتايىن چوڭ.

ئورمان – ئىنسانلارنى ياغاچ ماتېرىيالى بىلەن تەمىنلەيدۇ. ياغاچ ماتېرىيالى سانائەتنىڭ كەم بولسا بولمايدىغان خام ئەشياسى بولۇپ، ئۆي-ئىمارەت سېلىش، تۆمۈريول ياساش، قەغەز ياساش، توقۇمىچىلىق سانائىتى ۋە ئورگانىك خىمىيە سانائىتى قاتارلىقلاردا ئىشلىتىلىدۇ.

ئورمان سۇ مەنبەسىنى ساقلايدىغان، سۇ ساقلاش ئىقتىدارى بىر قەدەر كۈچلۈك بولغان «سۇ ئامبىرى»دۇر. ئورمانلىقتىكى دەل-دەرەخلەرنىڭ يىلتىز سىستېمىسى ۋە چىرىندى ماددىسى تۇپراقنىڭ سۈپىتىنى ياخشىلايدۇ. يەر يۈزىنى يامغۇر سۈيىنىڭ بىۋاستە زەربىسىگە ئۇچراشتىن ساقلاپ، تۇپراقنىڭ ئېقىپ كېتىشىنى ئازايتىپ، سۇنىڭ سىڭىشچانلىقىنى ئاشۇرىدۇ.

ئورمان بوراننى توسۇپ، قۇمنى تىزگىنلەيدۇ. ئۇ يەر يۈزىدىكى شامال كۈچىنى توسىدىغان كۈچلۈك توسالغۇ بولۇپ، شامالنىڭ يۆنىلىشى ۋە سۈرئىتىنى ئۆزگەرتەلەيدۇ. ئىھاتە ئورمانلىقى بىنا قىلىنغاندا، ھاۋا

كىلىماتنى ئۆزگەرتكىلى بولىدۇ.

ئورمان يەنە تەبىئىي ھايۋانات باغچىسى بولۇپ، كۆپلىگەن ئەتىۋارلىق قۇشلار ۋە ئاجايىپ ھايۋانلار ئورماندىن ئىبارەت بۇ تەبىئىي تورسۇقتىن پايدىلىنىپ ياشايدۇ ۋە كۆپىيىدۇ. بۇ تەبىئەت دۇنياسىنىڭ ئېكولوگىيەلىك تەڭپۇڭلۇقىنى ساقلاپ قېلىشتا پايدىلىق بولۇپلا قالماي، بەلكى ئىنسانلارنى قىممەتلىك تېرە، گۆش ۋە دورا ماتېرىياللىرى بىلەن تەمىنلەيدۇ.

ئورمان — ھاۋانى ساپلاشتۇرىدۇ. ئۇ ھاۋادىكى چاڭ-توزانلارنى سۈمۈرۈۋالىدۇ، كېسەل مىكروبلىرىنى ئۆلتۈرىدۇ، شۇنداقلا ئىنسانلارنى ۋە ھايۋانلارنى ئوكسىگېن بىلەن تەمىنلەيدۇ.

ئورمان — شاۋقۇننى پەسەيتىدۇ. يېقىنقى ئون نەچچە يىلدىن بۇيان شاۋقۇن مۇھىتنى بۇلغايدىغان ھەتتا ئادەمنى ئۆلتۈرىدىغان ئاستا خاراكتېرلىك زەھەر دەپ ئېتىراپ قىلىنماقتا. يېشىل ئۆسۈملۈكلەرنىڭ غولى ۋە شاخ-شۇمبىلىرى ھەر خىل ئاۋاز دولقۇننى قايتۇرىدۇ ياكى پەسەيتىدۇ.

## كۆنۈكمە

### 1. تۆۋەندىكى سوئاللارغا جاۋاب بېرىڭلار.

1) ئورماننىڭ قانداق پايدىلىق تەرەپلىرى بار؟

2) ئورمان ھەققىدە يەنە نېمىلەرنى بىلىسىز؟

3) ھايۋانلارنىڭ ياشىشى ئۈچۈن ئورمان قانچىلىك مۇھىم؟

4) نېمە ئۈچۈن ئورمان — بىباھا بايلىق، دەپ ئاتىلىدۇ؟

### 2. تېكىستنىڭ مەزمۇنىغا ئاساسەن بوش ئورۇنلارنى تولدۇرۇڭلار.

1) ئورمان — ھاۋانى ساپلاشتۇرىدۇ. ئۇ ھاۋادىكى چاڭ-توزانلارنى .............

2) ئورمان سۇ مەنبەسىنى ساقلايدىغان، سۇ ساقلاش ئىقتىدارى بىر قەدەر كۈچلۈك بولغان .................دۇر.

3) يېقىنقى ئون نەچچە يىلدىن بۇيان ...............مۇھىتنى بۇلغايدىغان ۋە ئادەمنى ئۆلتۈرىدىغان ئاستا خاراكتېرلىك....................... دەپ ئېتىراپ قىلىنماقتا.

### 3. تۆۋەندىكى سۆزلەرنى رەتلەپ، توغرا ۋە چۈشىنىشلىك جۈملە تۈزۈپ چىقىڭلار.

1) ئوخشايدۇ / بىزنىڭ / ئانىمىزغا / تەبىئەت / مېھرىبان

2) ئۈۋا / ئاسرىغانلىق / قۇشلارغا / تەبىئەتنى / بولىدۇ / ياساپ بېرىش

3) قۇرغاقچىلىقتىن ساقلايدۇ / تىزگىنلەپ / كۆچىشىنى / ئورمان / قۇم

4) شاۋقۇننى / پەسەيتىشتە / مۇھىم رول / ھاۋانى ساپلاشتۇرۇشتا ۋە / ئوينايدۇ / ئورمان

**4. تۆۋەندىكى جەدۋەلنى تولدۇرۇڭلار.**

| يېڭى سۆزلىرىم | ئېنىقلىمام | لۇغەتتىكى مەنىسى |
|---|---|---|
| قۇرۇقلۇق | | |
| ئىقتىسادىي | | |
| سانائەت | | |
| ئىمارەت | | |
| ئورگانىك | | |
| سۇ ئامبىرى | | |
| چىرىندى | | |
| توسالغۇ | | |
| ئېكولوگىيە | | |
| شاۋقۇن | | |

**5. يۇقىرىدىكى «يېڭى سۆزلىرىم»نى لۇغەتتىكى مەنىسى بىلەن قوشۇپ، «لۇغىتىم»گە يېزىڭلار.**

**6. «يېڭى سۆزلىرىم»نىڭ ھەر بىرسىگە بىردىن جۈملە تۈزۈڭلار.**

# ئۇيغۇر تىلى بىلىملىرى: مىقدار سۆز

شەيئىلەرنىڭ ۋە ھەرىكەتنىڭ ھېسابلاش بىرلىكىنى بىلدۈرىدىغان سۆزلەرنى مىقدار سۆز دەيمىز. مەسىلەن: تال، نەپەر، دانە، ئوچۇم، سىقىم، چىمدىم ...

تۆۋەندىكى سۆز بىرىكمىلىرىنىڭ ئىچىدىكى تېگى سىزىلغان سۆزلەر مىقدار سۆز ھېسابلىنىدۇ:

بەش نەپەر ئادەم، ئىككى دانە ئالما، يۈز كىلومېتىر يول، ئىككى نۇسخا گېزىت، بىر سىقىم تۇپا، بىر يۇتۇم سۇ، بىر سىپلىم چاي، بىر چىمدىم تۇز، بەش تىغىق مال، ئۈچ تال بېلىق، تۆت ساندۇق كىتاب ...

بەش سائەت ئىشلىمەك، ئۈچ قېتىم بارماق، ئون كۈن تۇرماق ...

ئۇنىڭ سومكىسىدىن بەش پارچە كىتاب، ئۈچ تال قەلەم، ئىككى نۇسخا ژۇرنال، بىر قاپ كەمپۈت چىقتى.

مىقدار سۆزلەر ئىككى خىل بولىدۇ: خاس مىقدار سۆزلەر ۋە كۆچمە مىقدار سۆزلەر

### خاس مىقدار سۆزلەر

خاس ياكى ئاساسەن مىقدار رولىدىلا كېلىدىغان سۆزلەر خاس مىقدار بولىدۇ. مەسىلەن:

توننا، كىلوگرام، گرام، چارەك، قاداق، چاقىرىم، كىلومېتىر، مېتىر، سانتىمېتىر، غېرىچ، لىتىر، نەپەر، دانە، باغلام، تال، چىمدىم، يۇتۇم، سىقىم، قېتىم، نۆۋەت ...

### كۆچمە مىقدار سۆزلەر

ئۇيغۇر تىلىدا بەلگىلىك سىغىمى بار شەيئىلەرنى ۋە ۋاقىتنى بىلدۈرىدىغان ئىسىملار، مىقدار ۋەزىپىسىدە كېلىشى مۇمكىن. ئىسىملار مىقدار ۋەزىپىسىدە كەلگەندە ئۆزىنىڭ ئىسىمغا خاس خۇسۇسىيىتىنى يوقىتىپ، مىقدارغا خاس خۇسۇسىيەتكە ئىگە بولىدۇ. شەيئى ئۇقۇمىنى بىلدۈرمەستىن، مىقدار ئۇقۇمىنى بىلدۈرىدۇ ۋە مىقدارغا خاس گرامماتىكىلىق شەكىللەر بويىچە تۈرلىنىدۇ. شۇڭا مۇشۇنداق مىقدار ۋەزىپىسىدە كەلگەن ئىسىملارنى كۆچمە مىقدار دەپ ئاتايمىز. تۆۋەندىكى ئاستى سىزىلغان سۆزلەر كۆچمە مىقدارلەر ھېسابلىنىدۇ:

بىر ساندۇق كىتاب، بىر ئېغىز ئۆي، ئىككى چىنە چاي، بىر ماشىنا ئوتۇن، بىر قوشۇق تۇز، بىر سىنىپ ئوقۇغۇچى، بەش يىل ئىشلىمەك، تۆت كۈن تۇرماق ...

## 1. تۆۋەندىكى سوئاللارغا جاۋاب بېرىڭلار.



1) مىقدار دېگەن نېمە؟ مىسال كەلتۈرۈڭ.
2) مىقدار سۆزلەر قانچىگە بۆلىنىدۇ، قايسىلار؟
3) خاس مىقدار سۆزلەر دېگەن نېمە؟ مىسال كەلتۈرۈڭ.
4) كۆچمە مىقدار سۆزلەر قانداق بولىدۇ؟ مىسال كەلتۈرۈڭ.

## 2. تۆۋەندىكى بوش ئورۇنلارغا مۇۋاپىق كەلگەن مىقدار سۆزلەرنى تولدۇرۇڭلار.

**كىلومېتىر، باغلام، يۇتۇم، چىنىدىن، تېڭىق، قوشۇق**

1) ئۇسساپ كەتكەنلىكتىن بىر ........................ سۇ ئىچتىم.
2) بىزنىڭ مەكتەپكە پوچتىدىن بەش ........................ كىتاب كەلدى.
3) مەكتەپكە كېتىۋېتىپ بىر ........................ پۇل تېپىۋالدىم.
4) مەكتەپ بىلەن ئۆيىمىزنىڭ ئارىلىقى بىر ........................ كېلىدۇ.
5) ئاكام بىلەن مەن بىر ........................ ئوخشىغان لەغمەن يېدۇق.
6) قازانغا بىر ........................ تۇز قويايلى.

## 3. تۆۋەندىكى مىقدار سۆزلەرگە جۈملە تۈزۈڭلار.

**بىر قوشۇق شېكەر، بەش ماشىنا خىش، بىر ساندۇق كىتاب، بىر چىمدىم توپا**

## 4. تۆۋەندىكى مىقدار سۆزلەرنى تۈرلەرگە ئايرىڭلار.

| مىقدار سۆزلەر | خاس مىقدار سۆز | كۆچمە مىقدار سۆزلەر |
|---|---|---|
| بىر كىلوگىرام ئالما | | |
| بىر ساندۇق كىتاب | | |
| بىر يۇتۇم سۇ | | |
| بىر چىنە چاي | | |

| | | |
|---|---|---|
| بىر باغلام ئوت | | |
| بىر غېرىچ ياغاچ | | |
| بىر قوشۇق تۇز | | |
| بىر دانە قەلەم | | |
| بىر سىقىم توپا | | |

## مەشىق باغچىسى

**1. تۆۋەندىكى مەنداش ئىبارىلەرنى تۇتاشتۇرۇڭلار.**

| | |
|---|---|
| كۆزى تورلىشىش | تۇتۇق |
| ئىتتىك | سىرت |
| جېنىنىڭ بارىچە | تىك تۇرۇش |
| تاشقىرى | خىرەلىشىش |
| غۇۋا | ئارسالدى بولماي |
| قىلچە ئىككىلەنمەي | كۈچىنىڭ يېتىشىچە |
| قەددىنى رۇسلاش | تېز |

**2. ئاستى سىزىلغان سۆزلەرگە جۈملە تۈزۈڭلار.**

1) ئائىلىمىزنىڭ ئىقتىسادىي قىيىنچىلىقى مېنىڭ يۇقىرى ئۆرلەپ ئوقۇشۇمغا توسالغۇ بولالمىدى.

جۈملەم: ..............................................................................................................

2) ۋەتىنىمىزدىن ناھايىتى قىممەتلىك بايلىقلار چىقىدۇ.

جۈملەم: ..............................................................................................................

3) ھەر بىر يۇرتنىڭ ھاۋا كىلىماتى پەرقلىق بولىدۇ.

جۈملەم: ..................................................................................................................

ئاپام ھەرخىل ئۆسۈملۈكلەرنى ئۆستۈرۈشنى ياخشى كۆرىدۇ.

جۈملەم: ..................................................................................................................




### 3. تېپىڭلارچۇ، ئۇ نېمە؟

ئاپئاق يوتقان يېپىنىپ،  
غەمسىز ئۇخلار قىش بويى.  
باھار كەلسە جانلىنار،  
يېقىنلاشقاندەك تويى.  
خەت سۈرۈپ كۆك بۇرۇتى،  
گۈزەللىشىدۇ ھۆسنى.  
كەڭ ئېتىزنى قۇچاقلاپ،  
ئالىدۇ يېشىل تۇسنى.  
پەيدا قىلار ئەتراپتا،  
ئەجەب گۈزەل مەنزىرە.  
قېنى كىچىك دوستلىرىم،  
ئېيتىڭلارچۇ بۇ نېمە؟

### 4. تۆۋەندىكى جەدۋەلنى تولدۇرۇش ئارقىلىق ئورمان ھەققىدە بىر يازما يېزىڭلار.

| | |
|---|---|
| يازمامنىڭ ماۋزۇسى | |
| مېنىڭ يازمام بولغاچقا، ئۆزۈمنىڭ ئىسىم-فامىلەم | |
| يازمامنىڭ ژانىرى (چۈشەندۈرۈش ماقالىسى) | |
| 1- ئابزاس (مۇھىتنى ئاسراش نېمىشقا مۇھىم؟) | |
| 2-ئابزاس (ئورماننىڭ مۇھىتنى ئاسراش جەھەتتە قانداق رولى بار؟) | |
| 3- ئابزاس (ئورماننى قوغداش ئۈچۈن نېمە قىلىش كېرەك ؟) | |
| 4- ئابزاس (ئورماننى كۆپەيتىش ئۈچۈن قانداق قىلىش كېرەك ؟ ) | |

# ئۈچىنچى بۆلەك

# ئەقىل ـ پاراسەت

دەرسكە تەييارلىق

- كىتاب ئوقۇشنىڭ بىز ئۈچۈن نېمە پايدىسى بار؟
- كىتاب ئوقۇش ئادىتىنى يېتىلدۈرۈش ئۈچۈن قانداق قىلىش كېرەك؟

9-دەرس

## مۆجىزىلىك سۇ ئىنشائات قۇرۇلۇشى — كارىز

ئۆمەرجان سىدىق

(چۈشەندۈرۈش ماقالىسى)

كارىز — يەر ئاستى سۈيى تەبئىي ھالدا يەر يۈزىگە باشلاپ چىقىلىدىغان قەدىمىي سۇ قۇرۇلۇشى ھېسابلىنىدۇ. كارىز ئادەم كۆچى بىلەن قېزىلغان قۇدۇق، بەلگىلىك يانتۇلۇقتا ئىگە تەشمە، يەر يۈزىگە سۇ يوللايدىغان ئېرىق (تىلما) ۋە سۇ ساقلاشقا ئىشلىتىلىدىغان قىسىملاردىن تەشكىل تاپىدۇ. ئادەتتە بىر كارىزنىڭ ئۇزۇنلۇقى بىر نەچچە كىلومېتىردىن ئون نەچچە كىلومېتىرغىچە بولىدۇ. ئەڭ چوڭقۇر قۇدۇق سەكسەن مېتىر كېلىدۇ.



تۇرپانىدىكى كارىز

كارىز قەيەردە بولسا، شۇ يەردە ھاياتلىق بولىدۇ. ئەڭ ئاۋۋال كارىز بويلىرىدا مەھەللە قۇرۇلۇپ، كىشىلەر ئولتۇراقلىشىشقا باشلايدۇ. تارىختىن بۇيان خەلقىمىز كارىزلارنى مەركەز قىلىپ، بوستانلىق، كۆجۈم مەھەللىلەرنى بەرپا قىلغان، كارىز ئېقىنلىرىنىڭ ئەتراپىغا كۆچكەن، قەيەردە كارىز سۈيى ئۇلۇغ بولسا، شۇ مەھەللىلەر باي-باياشات، ئاۋات بولغان.




بۇنىڭغا يارىشا قارىياغاچ، تال، ئۈجمە(جۈجەم)، قۇمۇش، يىكەن، قامچىئوت قاتارلىق دەل-دەرەخ ۋە ئۆسۈملۈكلەرمۇ بۈك-باراقسان ئۆسۈپ، قويۇق ۋە راھەتبەخش ئورمانلىق ئېكولوگىيەسىنى شەكىللەندۈرگەن.

بۇنىڭغا ماس ھالدا غاز، ئۆردەك قاتارلىق ھەرخىل قۇشلار، بىلجانلار ۋە پاقىلارمۇ كارىز ۋە كارىز كۆلچەكلىرى بويىدا ئۆزىگە يارىشا مۇھىتتىن بەھرىلىنىپ، ئاۋۇپ، جانلىقلار مۇھىتىنى پەيدا قىلغان. ئەڭ مۇھىمى كارىز بويلىرى شۇ مەھەللىلەردىكى ئاۋامنىڭ ئىجتىمائىي ھايات مەيدانى، ئىناق پائالىيەت سورۇنى بولۇپ، بوۋاي-موماي‌لار تەشمە ئاغزىدا ئولتۇرۇپ سالقىندىغاچ قىسسە-رىۋايەتلەرنى سۆزلىسە، ياشلار ئېرىق بويلىرىدا قىزىق پاراڭلارنى سېلىشقان؛ خانىم-قىزلار ئېرىق ئايىقىدا كىر-قات يۇيۇشۇپ، خۇشال-خورام تارتىنىشىپ، گۈزەللىك ۋە مېھنەت كۈيىنى ياڭراتسا، باللار كارىز كۆلىدە سۇغا چۆمۈلۈپ ئويناشقان ... دېمەك كارىز ئەتراپىدا، كارىزنى مەركەز قىلغان ئۆسۈملۈكلەر، ھەر خىل ھايۋانلار، قۇشلار، سۇ جانلىقلىرى ۋە ئادەملەردىن تەركىپ تاپقان، بىر-بىرىگە چەمبەرچاس باغلانغان ھاياتلىق ئېكولوگىيە زەنجىرى شەكىللەنگەن. بۇ زەنجىردىكى ھەر بىر ئەزا بىر-بىرىنى تولۇقلاپ، بىر-بىرىنى قوغداپ، ئىناق ئېكولوگىيە مۇھىتىنى بەرپا قىلغان.

تۇرپان كارىزلىرى ئىككى مىڭ يىلدىن ئارتۇق تارىخقا ئىگە. كارىز تۇرپان ئۈچۈن شۇ قەدەر مۇھىمكى، يىغىنچاقلاپ ئېيتقاندا كارىز بولمىسا، تۇرپان بولمايتتى، دېيەلەيمىز. چۈنكى سۇ بولمىغان جايدا ھاياتلىق بولمايدۇ.

كارىز — ئاتا-بوۋىلىرىمىزنىڭ يۈكسەك ئەقىل-پاراسىتىنىڭ مەھسۇلى. ئۇ سۇ ئىنشائاتى قۇرۇلۇش تارىخىدىكى بۈيۈك ئابىدە، دۇنياۋى كەشپىيات، ھەمدە ئۇلۇغ ئىجادىيەت. شۇنداقلا، ئۇ ئۇيغۇر خەلقىنىڭ دۇنيا مەدەنىيەت خەزىنىسىگە قوشقان ئۆچمەس تۆھپىسىدۇر.

## كۆنۈكمە

**1. تۆۋەندىكى سوئاللارغا جاۋاب بېرىڭلار.**



1) تۇرپاندىكى كارىزلارنىڭ تارىخى قانچىلىك؟

2) كارىز قايسى بۆلەكلەردىن تەركىب تاپىدۇ؟

3) «كارىز بولمىسا، تۇرپان بولمايتتى» دېگەن گەپنى قانداق چۈشىنىسىز؟

4) نېمە ئۈچۈن كارىزنى ئاتا-بوۋىلىرىمىزنىڭ يۈكسەك ئەقىل-پاراسىتىنىڭ جەۋھىرى دەيمىز؟

**2. تۆۋەندىكى سۆزلەرنىڭ مەنىسى ماس كەلگەنلىرىنى تۇتاشتۇرۇڭلار.**

| | |
|---|---|
| چەمبەرچاس | يەر ئاستى سۇ يولى |
| كارىز | ئولتۇراقلىشىش رايونى |
| جاراڭلاش | باب كېلىش |
| ماس كېلىش | مەھكەم |
| مەھەللە | ياڭراش |

**تۆۋەندىكى ماقال-تەمسىللەرنى يېشىپ چۈشەندۈرۈڭلار ۋە يادلىۋېلىڭلار.**

- ئادەم بولمىساڭ ئەقلىڭ بىلەن، ئەخمەق بولسەن ساقلىڭ بىلەن.
- ئاتاڭنىڭ بالىسى بولغۇچە، ئەلنىڭ بالىسى بول.
- مال سەمرىسە ياغ بولۇر، يەر سەمرىسە باغ بولۇر.
- ئۆز ئېلىڭنىڭ نېنىنى يە، كېچە-كۈندۈز غېمىنى يە.

4. تۆۋەندىكى جەدۋەلنى تولدۇرۇڭلار.

| يېڭى سۆزلىرىم | ئېنىقلىمام | لۇغەتتىكى مەنىسى |
|---|---|---|
| دىيار | | |
| ئەجداد | | |
| ئابىدە | | |
| تەشمە | | |
| ئېرىق | | |
| كۆجۈم مەھەللە | | |
| قامچىئوت | | |
| راھەتبەخش | | |
| بىلىجان | | |
| ئېكولوگىيە زەنجىرى | | |

5. يۇقىرىدىكى «يېڭى سۆزلىرىم»نى لۇغەتتىكى مەنىسى بىلەن قوشۇپ، «لۇغىتىم»گە يېزىڭلار.

6. «يېڭى سۆزلىرىم»نىڭ ھەر بىرسىگە بىردىن جۈملە تۈزۈڭلار.

7. تۆۋەندىكى يېڭىلتماقنى راۋان سۆزلەشنى ئۆگىنىۋېلىڭلار.



# يولۋاس بىلەن توشقان

تۇرسۇن قادىر

(مەسەل)

بار ئىكەن، يوق ئىكەن، قەدىمكى زاماندا بىر جاڭگالدا بىر يولۋاس پادىشاھ بار ئىكەن. ئۇنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدا شۇ جاڭگالدىكى جان-جانىۋارلار نۆۋەت بىلەن ئۇنىڭ ئالدىغا بېرىپ، ئوزۇق بولۇشقا مەجبۇر ئىكەن. ئۇلار يولۋاس پادىشاھنى بەك ئۆچ كۆرىدىكەن. دائىم ئۇنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدىن قۇتۇلۇشنى ئويلايدىكەن.

كۈنلەرنىڭ بىرىدە نۆۋەت بىر توكۇر توشقانغا كەپتۇ. توشقان يولۋاسنى يوقىتىدىغان بىر ئامال تېپىپتۇ-دە، يولۋاسنىڭ ئالدىغا بەلگىلەنگەن ۋاقىتتىن كېچىكىپرەك كەپتۇ. يولۋاسنىڭ ئاچچىقى كېلىپ:

— نېمىشقا ۋاق قالدىڭ، ئاۋاق؟-دەپ غەزەپ بىلەن ۋارقىراپتۇ.



— كەچۈرسىلە پادىشاھى ئالەم، — دەپتۇ توشقان،-مەن راست دېگەندەك ئاۋاق، بىر كۈنلۈك غىزالىرى ئۈچۈن ئازلىق قىلىمەن. شۇنى ئويلاپ خىجالەت بولۇپ، ئاخىرى بىر تۇغقىنىمنى بىللە ئېلىپ كېلىۋاتاتتىم، يولدا ئۆزلىرىگە ئوخشاش بىر يولۋاس ئالدىمىزنى توسۇپ ئاۋارىچىلىق سالدى. بىز قۇتۇلۇشنىڭ يولىنى تاپالماي قالدۇق. باشقا ئىلاجىمىز يوق، ھېلىقى يولۋاس مەن بىلەن بىللە كېلىۋاتقان تۇغقىنىمنى تۇتۇپ كەتتى، مېنىڭ بىر پۈتۈمنى ناكار قىلدى، شۇنىڭ بىلەن كېچىكىپ قالدىم.

يولۋاس بۇنى ئاڭلاپ دەرغەزەپ بىلەن ئورنىدىن چاچراپ تۇرۇپ:

— كىم ئۇ؟ يۈرە، مېنى ئۇنىڭ قېشىغا باشلاپ بارغىن!-دەپ توشقاننى ئالدىغا سېلىپ مېڭىپتۇ. توشقان يولۋاسنى باشلاپ بىر قۇدۇقنىڭ قېشىغا كەپتۇ.

— مانا تەقسىر، مۇشۇ قۇدۇقنىڭ ئىچىگە كىرىپ كەتتى. ئەنە تۇرۇپتۇ ئۆزى، يېنىدا ھېلىقى توشقانمۇ بار ئىكەن. تېخى ماڭا ئېتىلماقچى بولۇۋېتىپتۇ،-دەپ قۇدۇقنىڭ ئىچىنى كۆرسىتىپتۇ.

يولۋاس كېلىپ قۇدۇقنىڭ ئىچىگە قاراپ، ئۆزىنىڭ ھەم يېنىدىكى توشقاننىڭ سۇدىكى شولىسىنى كۆرۈپ، ناھايىتى غەزەپلىنىپتۇ. يولۋاس تەرىنى تۈرۈپ، چىشلىرىنى ھىڭگايتسا، قۇدۇقتىكى شولىسىمۇ شۇنداق قىلىدىكەن. بۇ ئەھۋالغا چىدىيالماي، يولۋاس ئۆزىنى بىر ئېتىپتۇ ـ دە، قۇدۇقنىڭ ئىچىگە تىك موللاق چۈشۈپتۇ.

شۇنداق قىلىپ، توكۇر توشقاننىڭ تاپقان ئامالى بىلەن جاڭگالدىكى ھەممە جان-جانىۋارلار يولۋاستىن قۇتۇلۇپتۇ.

## كۆنۈكمە

**1. تۆۋەندىكى سوئاللارغا جاۋاب بېرىڭلار.**



1) مەسەلدە توشقان يولۋاسنىڭ ئالدىغا نېمىشقا باردى؟

2) يولۋاس نېمە ئۈچۈن غەزەپلەندى؟

3) توشقان يولۋاسنى نېمە ئۈچۈن يوقاتماقچى بولدى؟

4) بۇ مەسەلدىن نېملەرنى چۈشەندىڭلار؟

**2. ئاۋۋال تۆۋەندىكى سۆزلەرنىڭ مەنىسىنى پەرەز قىلىڭلار، ئاندىن لۇغەتتىكى مەنىسىگە سېلىشتۇرۇڭلار، خاتا بولسا توغرىسىنى يېزىڭلار.**

| سۆزلەر | پەرىزىم | توغرا | خاتا، توغرىسى مۇنداق |
|---|---|---|---|
| تەرىنى تۈر- | | | |
| ھىڭگاي- | | | |
| تىك موللاق | | | |
| دەرغەزەپ | | | |
| توكۇر | | | |
| نۆۋەت | | | |
| شولا | | | |

3. تۆۋەندىكى قىسقارتمىلارنى تولۇق يېزىلغان شەكلى بىلەن تۇتاشتۇرۇڭلار.

| | |
|---|---|
| د ئۇ ق | ئۇيغۇر ئاكادېمىيەسى |
| ئا . ئۆتكۈر | بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى |
| ك گ | ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر |
| ك م | دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى |
| ب د ت | كىلوگىرام |
| ئۇ ئا | كىلومېتىر |
| در. | پروفېسسور |
| پروف. | دوكتور |

4. تۆۋەندىكى جەدۋەلنى تولدۇرۇڭلار.

| يېڭى سۆزلىرىم | ئېنىقلىمام | لۇغەتتىكى مەنىسى |
|---|---|---|
| جاڭگال | | |
| ھۆكۈمران | | |
| جان-جانىۋار | | |
| ئوزۇق | | |
| ئاۋاق | | |
| خىجالەت | | |
| ئىلاج | | |
| ناكار | | |
| تەقسىر | | |
| قۇدۇق | | |

5. يۇقىرىدىكى «يېڭى سۆزلىرىم»نى لۇغەتتىكى مەنىسى بىلەن قوشۇپ، «لۇغىتىم»گە يېزىڭلار.

6. «يېڭى سۆزلىرىم»نىڭ ھەر بىرسىگە بىردىن جۈملە تۈزۈڭلار.

## 11- دەرس

# ھېسام چاقچاقلىرى

## پوچىلىق

مەھەللىدىكى بىر ماختانچاق كىشى ھېسامغا دارتىپ پو ئېتىپتۇ:

ــ پاھ، پاھ! بايىلا ئۆيدە راسا بىر پولو يەپتىكەنمەن، مەيدەمنى خويمۇ بىئارام قىلىۋاتىدۇ دېسە!

ــ راست دەيسىز،-دەپتۇ ئۇنىڭ ئاتقان پوسىدىن غىدىقى كەلگەن ھېسام،- ئايدا-يىلدا بىرەر قېتىم يېگەچكە شۇنداق قىلىدۇ. بىزدەك كۈندىلا پولو يەپ تۇرسىڭىز ھېچقانداق بولمايتتىڭىز.

## ئۇنداق قازانغا مۇنداق چۆمۈچ

ھېسامنى دائىم گەپتە چۇشۇرمەكچى بولۇپلا يۈرىدىغان بىر كىشى بىر سورۇندا ئۇنلۇك ئاۋاز بىلەن:

ــ ھېسام، سىزنى ساقچى تۇتۇپ كېتىپتۇ، دەپ ئاڭلىۋىدۇق، قاچان قويۇپ بەردى؟ – دەپ سوراپتۇ.

ھېسام دەرھاللا:

ــ سىزنى قويۇپ بەرگەن كۈننىڭ ئەتىسىلا،ــ دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.

## كۆنۈكمە

1. تۆۋەندىكى سوئاللارغا جاۋاب بېرىڭلار.

1) «پوچىلىق» دېگەن چاقچاقتىن نېمىنى چۈشەندىڭلار؟

2) «ئۇنداق قازانغا مۇنداق چۆمۈچ» دېگەن چاقچاقتىن نېمىنى چۈشەندىڭلار؟

3) بۇ ئىككى چاقچاقنىڭ ئورتاق ئالاھىدىلىكى نېمە؟

4) سىلەر قانداق چاقچاقلارنى بىلىسىلەر؟



2. تېكستكە ئاساسەن تۆۋەندىكى بوش ئورۇنلارنى تولدۇرۇڭلار.

1) مەھەللىدىكى بىر ماختانچاق كىشى ھېسامغا دارتىپ .................................... ئېتىپتۇ.

2) بىزدەك .................................... پولو يەپ تۇرسىڭىز، ھېچقانداق بولمايتتىڭىز.

3) ھېسامنى گەپتە .................................... بولغان بىر كىشى مۇنداق دەپتۇ.

4) ئۇنىڭ ئاتقان پوسىدىن .................................... كەلگەن ھېسام مۇنداق دەپتۇ.

3. تۆۋەندىكى جەدۋەلنى تولدۇرۇڭلار.

| يېڭى سۆزلىرىم | ئېنىقلىمام | لۇغەتتىكى مەنىسى |
|---|---|---|
| خويمۇ | | |
| غىدىق | | |
| سورۇن | | |
| ئۆتكۈر | | |
| مەدرىس | | |
| تالانت | | |
| ماختانچاق | | |
| پو ئات- | | |
| ھەجۋىي | | |
| گەپتە چۈشۈر- | | |

4. يۇقىرىدىكى «يېڭى سۆزلىرىم»نى لۇغەتتىكى مەنىسى بىلەن قوشۇپ، «لۇغىتىم»گە يېزىڭلار.

5. «يېڭى سۆزلىرىم»نىڭ ھەر بىرسىگە بىردىن جۈملە تۈزۈڭلار.



20-ئەسىردىكى مەشھۇر چاقچاقچى ھېسام قۇربان (1930-2013)، ۋەتىنىمىزنىڭ غۇلجا شەھىرىنىڭ ئوردا مەھەللىسىدە تۇغۇلغان. كىچىك ۋاقتىلىرىدىن باشلاپ، ئاتىسى بىلەن بىللە مەشرەپلەرگە قاتنىشىپ، ئاتاقلىق چاقچاق ئۇستىلىرى بىلەن بىلەن تونۇشقان، شۇنداقلا ھەر خىل يۇمۇر-چاقچاقلارنى ئاڭلاپ چوڭ بولغان.

ئەنئەنىۋى ئۇيغۇر مەدەنىيەت مۇھىتى، بولۇپمۇ مەشرەپ ھېسامنىڭ بىر چاقچاقچى بولۇپ ئۆسۈپ يېتىلىشىدە مۇھىم رول ئويناپلا قالماستىن، ئۇنىڭ ئۆز ماھارىتىنى نامايەن قىلىشى ئۈچۈنمۇ سورۇن تەييارلاپ بەرگەن. يىللار ئۆتكەنسېرى ئۇنىڭ چاقچاقچىلىق ماھارىتى پىشىپ يېتىلىپ، خەلق ئاممىسىنىڭ قىزغىن ئالقىشىغا ۋە بىردەك ئېتىراپ قىلىشىغا ئېرىشكەن. ئۇنىڭ چاقچاقلىرى كەسىپ ئەھلىلىرى ۋە ئالاقىدار ئورگانلارنىڭ قىزىقىشىنى قوزغاپ، نۇرغۇن مۇھاكىمە ۋە تەتقىقاتلارنىڭ تېمىسى بولغان. ھېسام قۇربان «زامانىمىزنىڭ نەسىردىن ئەپەندىسى» دەپ ئاتالغان.

12- دەرس

# ئۇيغۇر تىلى بىلىملىرى: ئالماش

## ئالماش دېگەن نېمە؟

**ئالماش دېگىنىمىز، ئادەم ۋە نەرسىلەرنىڭ نامىنىڭ ئورنىغا ئالمىشىپ كېلىدىغان سۆز تۈركۈمىدۇر.**

مەسىلەن:

مەن، سەن، ئۇ، بۇ، ئۇ، بۇلار، ئۇلار، كىم، نېمە، قاچان، قەيەر ...




## ئالماشنىڭ تۈرلىرى

ئالماشلار يەتتە تۈرگە بۆلۈنىدۇ:

1) شەخس ئالماشلىرى: مەن، سەن، ئۇ، بىز، سىلەر، ئۇلار ...

2) كۆرستىش ئالماشلىرى: ئۇ، بۇ، شۇ، ئاۋۇ ...

3) سوئال ئالماشلىرى: كىم، نېمە، قانداق، قاچان ...

4) ئۆزلۈك ئالماشلىرى: ئۆز، ئۆزگە...

5) بەلگىلەش ئالماشلىرى: ھەممە، بارلىق، ھەركىم، ھەرقاچان ...

6) بولۇشسىزلىق ئالماشلىرى: ھېچكىم، ھېچنېمە، ھېچقانداق ...

7) ئېنىقسىزلىق ئالماشلىرى: كىمدۇر، نېمىدۇر، قانداقتۇر ...

## 1. شەخس ئالماشلىرى

كىشلەرنىڭ ئىسمىنىڭ ئورنىغا ئالمىشىپ كېلىدىغان سۆزلەر «شەخس ئالماشلىرى» دەپ ئاتىلىدۇ.

شەخس ئالماشلىرى سۆزلىگۈچىنىڭ، ئاڭلىغۇچىنىڭ ياكى باشقا بىر كىشىنىڭ ئىسمىنىڭ ئورنىغا ئالمىشىپ كېلىدۇ. شۇنداقلا بىر كىشىنىڭ ياكى كۆپ كىشىنىڭ ئىسمىنىڭ ئورنىدىمۇ كېلىدۇ.

شەخس ئالماشلىرىنى تۆۋەندىكى جەدۋەل ئارقىلىق كۆرستىشكە بولىدۇ.

| | | | |
|---|---|---|---|
| 1-شەخس | بىرلىك | | مەن |
| | كۆپلۈك | | بىز |
| 2-شەخس | بىرلىك | ئاددىي تۈرى | سەن |
| | | سىپايە تۈرى | سىز |
| | | ھۆرمەت تۈرى | سىلى (ئۆزلىرى) |
| | كۆپلۈك | ئاددىي تۈرى | سىلەر |
| | | ھۆرمەت تۈرى | ھەرقايسىلىرى (ھەربىرلىرى) |
| | | سەتلىمە تۈرى | سەنلەر |
| 3-شەخس | بىرلىك تۈرى | | ئۇ |
| | كۆپلۈك تۈرى | | ئۇلار |

## 2. كۆرستىش ئالماشلىرى

كىشى ياكى نەرسىلەرنى كۆرستىش ئارقىلىق ئىپادىلەپ بېرىدىغان ئالماشلاردۇر. مەسىلەن:

بۇ، ئۇ، ماۋۇ، ئاۋۇ، شۇ، مۇشۇ ...

ئۇيغۇر تىلىدا تۆۋەندىكى كۆرسىتىش ئالماشلىرى كۆپ قوللىنىلىدۇ:

| كۆرسىتىش ئالماشلىرى | ئىشلىتىلىشى | مىسال |
|---|---|---|
| بۇ | يېقىندىكى كىشى ياكى نەرسىلەرنى كۆرسىتىدۇ ۋە ئۇلارنىڭ ئىسمىغا ئالمىشىپ كېلىدۇ. | بۇ بىزنىڭ يېڭى ساۋاقدىشىمىز.<br>(بۇ= دولقۇن ياكى غۇنچەم)<br>بۇ كىمنىڭ؟<br>(بۇ=كىتاب)<br>بۇنىڭ يوپۇرماقلىرى بەك چىرايلىق ئىكەن.<br>(بۇ=دەرەخ) |
| ئۇ | يىراقتىكى نەرسىنى كۆرسىتىدۇ ۋە ئۇنىڭ ئىسمىغا ئالمىشىپ كېلىدۇ. | ئۇنىڭ چاقلىرى بەك چىداملىق.<br>(ئۇ=ماشىنا) |
| شۇ | يىراقتىكى كىشى ياكى نەرسىنى كۆرسىتىدۇ ۋە ئۇلارنىڭ ئىسمىنىڭ ئورنىغا ئالمىشىپ كېلىدۇ. | شۇلارغا تەنەپپۇس ۋاقتىنىڭ توشقانلىقىنى دەپ قويسىڭىز بوپتىكەن.<br>(شۇ=ئوقۇغۇچى)<br>شۇنى سومكامغا سېلىۋالاي.<br>(شۇ=كۆزئەينەك) |



ئۇ: كىشىنىڭ ئىسمىغا ئالمىشىپ كەلسە شەخس ئالمىشى، نەرسىنىڭ ئىسمىغا ئالمىشىپ كەلسە كۆرسىتىش ئالمىشى بولىدۇ.

مەسىلەن: ئۇ مېنىڭ ئاكام. (ئۇ=ئىدىقۇت، شەخس ئالمىشى)

ئۇ سۈزۈپ كەتتى. (ئۇ=قېرىنداش، كۆرسىتىش ئالمىشى)

## كۆنۈكمە

### 1.تۆۋەندىكى سوئاللارغا جاۋاب بېرىڭلار.

1) ئالماش دېگەن نېمە؟ مسال كەلتۈرۈڭلار.



2) ئالماشلار قايسى تۈرلەرگە بۆلۈنىدۇ؟

3) شەخس ئالماشلىرى قايسىلار؟

4) كۆرستىش ئالماشلىرى قايسىلار؟

### 2. تۆۋەندىكى بوش ئورۇنلارنى تولدۇرۇڭلار.

1) «مەن، سەن، ئۇ» ........................ ئالمىشى بولۇپ، ئىسىملارنىڭ ئورنىدا كېلىدۇ.

2) ........................ كىتابنى ئۆزۈمگە، ........................ لۇغەتنى ئۇكامغا ئالدىم.

3) ........................ : سۆزلىگۈچى ئىشارەت قىلغان ياكى ئاڭلىغۇچىمۇ كۆرۈپ تۇرغان يېقىندىكى شەيئىنى ئىپادىلەيدۇ.

4) ........................ : يىراقتىكى نەرسىنى ئىپادىلەيدۇ.

### 3. تۆۋەندىكىلەرنىڭ توغرا-خاتالىقىغا ھۆكۈم قىلىڭلار ۋە توغرا بولسا (ت)، خاتا بولسا (خ) يېزىڭلار.

1) «سىلى» ئالمىشى ھۆرمەت تۈرى بولۇپ، ئاڭلىغۇچىنى ھۆرمەت بىلەن ئاتاشتا قوللىنىلىدۇ. ( )

2) «سەن»، 2-شەخس كۆپلۈكنى بىلدۈرىدىغان ئالماش. ( )

3) «ئاۋۇ ئۈستەلدىكى شۇ كىتاب، مېنىڭ كىتابىم» دېگەن جۈملىدە ئۈچ دانە ئالماش بار. ( )

4) كۆرستىش ئالماشلىرى سان جەھەتتىن بىرلىك ۋە كۆپلۈك دەپ ئىككى تۈرگە بۆلۈنىدۇ. ( )

## 4. تۆۋەندىكى ئالماشلارنى تۈرلەرگە ئايرىڭلار.

| | شەخس ئالماشلىرى | كۆرسىتىش ئالماشلىرى |
|---|---|---|
| ئۇ، بۇ، ماۋۇ | | |
| مەن، سەن | | |
| ئاۋۇ، ئەنە، مانا | | |
| مەن، سەن | | |
| ئۇ، سىلى | | |
| شۇ، مۇنۇ | | |

## مەشىق باغچىسى

## 1. تۆۋەندىكى سۆزلەردىن پايدىلىنىپ سۆز بىرىكمىسى تۈزۈڭلار.

قورۇلۇش     مۆجىزە     كارىز     ئالماش     ياخشىلىق     چاقچاق

## 2. تۆۋەندىكى جۈملە شەكىللىرىگە، بېرىلگەن ئۈلگە بويىچە جۈملە تۈزۈڭلار.

1) ........................ قالماستىن، بەلكى ........................

ئۈلگە: ئانام بىزنى بېقىپ قاتارغا قوشۇپلا قالماستىن، بەلكى بىزنى ئەلگە ياراملىق ئەۋلادلاردىن قىلىپ يېتىشتۈردى.

جۈملەم:

2) ........................ بولسىمۇ، لېكىن ........................

ئۈلگە: بۈگۈن قېلىن قار ياغقان بولسىمۇ، لېكىن ھاۋا ئانچە سوغۇق ئەمەس ئىدى.

جۈملەم:



ئوقۇرمەنلەرگە مەلۇم نەرسە ھەققىدە بىلىم بېرىش ئۈچۈن يېزىلغان تېكستلەرنى «چۈشەندۈرۈش ماقالىسى» دەيمىز.

3. بۇ بۆلەكتىكى قايسى تېكستتە «چۈشەندۈرۈش ماقالىسى» دەپ يېزىلغان؟ ئۇ تېكستتە نىمە چۈشەندۈرۈلگەن؟ چۈشەندۈرۈشتىن قانداق بىلىمگە ئىگە بولدۇڭلار؟

4. بۇ بۆلەكتىكى چۈشەندۈرۈش ماقالىسى قانچىنچى بەتتە؟ «مۇندەرىجە» بۆلۈمىنى كۆزدىن كەچۈرۈپ، بەت سانىنىڭ توغرا-خاتالىقىنى تەكشۈرۈڭلار.

5. تېپىشماقلارچۇ، ئۇ نىمە؟




ئاجايىپ بىر جانىۋار،
تاشتىن قاتتىق تونى بار.
دەسسەپ ئۆتسە تراكتور،
پىسەنت قىلماي جىم تۇتار.

مېنىڭ بىر رەڭلىك ئارغامچام بار.
ئۇ تاغدىن بۇ تاغقا يېتىدۇ.

6 . تۆۋەندىكى ئىسخېمىنى كۆزىتىڭلار، بوش ئورۇنغا مىسال يېزىڭلار.

ئالماش

- ئېنىقسىزلىق ئالمىشى
- بولۇشسىزلىق ئالمىشى
- بەلگىلەش ئالمىشى
- ئۆزلۈك ئالمىشى
- سوئال ئالمىشى
- كۆرسىتىش ئالمىشى
- شەخس ئالمىشى

# پەن ـ تېخنىكا ۋە بىز

## تۆتىنچى بۆلەك

**دەرسكە تەييارلىق**

- قانداق كىشىلەرنى ئالىم دەيمىز؟
- ئالەم بوشلۇقىدا نېمىلەر بار؟

## 13 ـ دەرس

### ئۇلۇغبەگ

(ھېكايە)

تومۇزنىڭ ئىسسىق كۈنلىرىنىڭ بىرى ئىدى. ھەشەمەتلىك سارايىنىڭ بىر ھۇجرىسىدا، ئون ياشلار چامىسىدىكى باللارغا تارىخ دەرسى ئۆتۈلۈۋاتاتتى. بۇ باللارنىڭ بەزىلىرى ئۇستازى سۆزلەۋاتقان ئۇرۇش تېخنىكىلىرىنى دەپتىرىگە خاتىرىلىسە، يەنە بەزىلىرى قىزىقىسىنغان ھالدا ئۇستازىغا قاراپ ئولتۇراتتى. ئۇلارنىڭ ئىچىدە بىر بالا ھەر خىل يۇلتۇزلارنى سىزىش بىلەن مەشغۇل ئىدى. بۇنى كۆرگەن ئۇستاز بالىنىڭ يېنىغا كېلىپ:

ـ سىلى كەلگۈسىدە چوڭ-چوڭ، مۇھىم ئىشلارنى قىلىدىغان بىرى، بۇنداق تايىنى يوق ئىشلارغا ۋاقىتلىرىنى ئىسراپ قىلمىغايلا، ـ دېدى.

بالا سىزغان يۇلتۇزلارنى ئۆچۈرۈۋەتتى ۋە جىمجىت ئولتۇرۇپ، ئۇستازىنىڭ دەرسىنى ئاڭلاشقا باشلىدى. دەرستىن كېيىن باللار سارايىنىڭ باغچىسىغا چىقىپ، ئوقيا ئېتىش مەشقىگە قاتناشتى. مەشىق تۈگىگەندىن كېيىن يۇلتۇز سىزغان بالا ئوندەك قۇش بار بىر قەپەزنى كۆتۈرۈپ چىقتى. بۇ بالا



ئۇلۇغبەگنىڭ ھەيكىلى

قۇشلارنىڭ ھەممىسىگە ئوخشىمايدىغان ئىسىم قويغان ئىدى. ئۇ قۇشلارنى ئايلاپ كۆزىتىش ئارقىلىق، ئۇلارنىڭ ئالاھىدىلىكلىرى ھەققىدە خاتىرە يازغان ئىدى. ئۇ باللارغا خاتىرىسىنى كۆرسەتكەچ، ھاياجان بىلەن قۇشلارنى تونۇتۇشقا باشلىدى.

بىلىمگە، يېڭىلىقلارغا ھېرىسمەن بۇ بالا، تېمۇرىيلەر ئىمپېراتورلۇقىنىڭ قۇرغۇچىسى ئەمىر تېمۇرنىڭ نەۋرىسى ئۇلۇغبەگ ئىدى. بىلىم ئىشقىدا يېنىۋاتقان، باغرى يۇمشاق ئۇلۇغبەگ كېيىنچە ئالەم تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللىنىپ، ئاسترونومىيە، ماتېماتىكا، ئىنژېنېرلىق ساھەسىدە ئۇلۇغ ئىجادلارنى قالدۇرغان ئالىم بولۇپ يېتىشىپ چىقتى.



ئۇلۇغبەگ رەسەتخانىسىنىڭ سىرتقى كۆرۈنۈشى



ئۇلۇغبەك رەسەتخانىسىنىڭ ئىچى

## كۆنۈكمە

**1. تۆۋەندىكى سوئاللارغا جاۋاب بېرىڭلار.**



1) دەرستە يۇلتۇز سىزغان بالا كىم؟
2) يۇلتۇز سىزغان بالا ساۋاقداشلىرىغا نېمە كۆرسەتتى؟
3) ئۇلۇغبەگ قايسى ساھەلەردە ئۇتۇق قازانغان؟
4) سىز قايسى كەسىپكە قىزىقىسىز؟

**2.تۆۋەندىكى سۆزلەرنىڭ قارشى مەنىلىرىنى يېزىڭلار.**

باغرى يۇمشاق ⟵ ..........
ئۇلۇغ ⟵ ..........
يېڭىلىق ⟵ ..........
جىمجىت ⟵ ..........

### 3. تۆۋەندىكى ئاستىغا سىزىلغان باغلىغۇچىلارغا جۈملە تۈزۈڭلار.

1) كۆلكە بىلەن يىغا، راھەت بىلەن ئازاب دائىم بىللە، ئۇلار قېرىنداش.

جۈملەم:

2) يا ئۆلۈم، يا كۆرۈم دەپ مەيدانغا چىقتۇقمۇ، بولدى، ئاخىرغىچە كۆرەش قىلىمىز.

جۈملەم:

3) ئۇلارنىڭ دۈمبىسىگە ئارتىۋالغان يۈكى ناھايىتى ئېغىر ئىدى. ئۇنى ئاز دەپ، شىۋىرغان ئۇلارنىڭ مەڭزىلىرىگە قار ئۇچقۇنلىرىنى چاچاتتى.

جۈملەم:

4) ئۆي يەرگە چېچىلىپ كەتكەن قەلەملىرىنى يىغىۋاتاتتى. ئاڭغىچە (ئۇنىڭغىچە) دەرس باشلاش قوڭغۇرىقى چېلىنىپ، مۇئەللىم كىرىپ كەلدى.

جۈملەم:

### 4. تۆۋەندىكى جەدۋەلنى تولدۇرۇڭلار.

| يېڭى سۆزلىرىم | ئېنىقلىمام | لۇغەتتىكى مەنىسى |
|---|---|---|
| تومۇز | | |
| ھەشەمەتلىك | | |
| ئۇستاز | | |
| مەشغۇل | | |
| ھېرىسمەن | | |
| ئىمپېراتورلۇق | | |
| ئاسترونومىيە | | |
| ساراي | | |
| تايىنى يوق | | |
| باغرى يۇمشاق | | |

### 5. يۇقىرىدىكى «يېڭى سۆزلىرىم»نى لۇغەتتىكى مەنىسى بىلەن قوشۇپ، «لۇغىتىم»گە يېزىڭلار.

### 6. «يېڭى سۆزلىرىم»نىڭ ھەر بىرسىگە بىردىن جۈملە تۈزۈڭلار.

# 14- دەرس

# تىلسىملار دۇنياسىدا نۇر قۇچقان ئالىم — دوكتور رىشات ئابباس

دr. قەيسەر مجىت

## (ئەدەبىي ئاخبارات)



ھەپتە ئىچى ئىشتىن چۈشكەندىن كېيىن، ئۆيگە قايتىشتا ئالدىراپ كەتمەيمەن. كۆپىنچە ۋاقىتتا كىتابخانىلارنى ئارىلايمەن. بۈگۈن قاندىقى يېڭى كىتابلار چىقتىكىن دەپ، كىتابخانىنى ئايلىنىۋېتىپ، «2006-يىلىدا ئامېرىكادىكى مەشھۇر شەخسلەر» ناملىق كىتابقا كۆزۈم چۈشتى. بۇ كىتابنىڭ 1899-يىلىدىن باشلاپ ھەر يىلى نەشر قىلىنىدىغانلىقىنى بىلەتتىم. رۇزۋېلتتەك مەشھۇر سىياسىيونلار، ئېينىشتېيندەك داڭلىق ئالىملار، كەننىس ئارروۋدەك نوبېل مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن ئىقتىسادشۇناسلار ۋە بىل گەيتسىتەك دۇنياۋى كارخانىچىلارنىڭ، قىسقىسى ھەرقايسى ساھەلەردە جەمئىيەتكە ئالاھىدە تۆھپە قوشقان شەخسلەرنىڭ ھەر يىلى تاللىنىپ، بۇ كىتابقا كىرگۈزۈلىدىغانلىقىنى بىلەتتىم. قىزىقىش ئىچىدە كىتابنى قولۇمغا ئالدىم.

كىتابنى ۋاراقلاۋېتىپ، بىردىنلا تونۇش بىر ئىسىمنى كۆرگەندەك بولدۇم. ئەمما بىزدىن تېخى بۇ كىتابقا كىرگۈزۈلگۈدەك شەخس چىققىنى يوق، چىققان بولسا ئاڭلار ئىدىم، دېگەن خىيال بىلەن بۇ ۋاراقتىن ئۆتۈپ كەتمەكچى بولدۇم-يۇ، ئىختىيارسىز بۇ كىشىنىڭ تەرجىمىھالىغا نەزەرىمنى ئاغدۇردۇم.

مۇنۇ قۇرلارنى ئوقۇۋاتقاندا، يۈرىكىم ھاياجاندىن دۈپۈلدەپ سوقۇپ كەتتى: «رىشات ئابباس بورھان— كىلىنىكىلىق دورىلارنى تەتقىق قىلىش ۋە ۋۇجۇتقا كەلتۈرۈش ساھەسىدىكى باش تەتقىقاتچى. ئۇيغۇر. 1960-يىلى ئاۋغۇستتا تۇغۇلغان. ئابباس بورھان ۋە مارىيە ئابلىزنىڭ ئوغلى». خۇددى چۆلدىن بۇلاق تېپىۋالغاندەك سۆيۈنۈپ كەتتىم.

داۋامىنى ئوقۇشقا ئالدىرىدىم. «كەسپىي ژۇرناللاردا ۋە ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنلىرىدا سەكسەن پارچىدىن ئارتۇق ئىلمىي ماقالە ئېلان قىلغان ۋە لېكسىيە سۆزلىگەن. قولغا كەلتۈرگەن تەتقىقات نەتىجىلىرى 1996-يىلى 5-ئايدا ئامېرىكا دۆلەت مۇداپىئە مىنىستىرلىكى ۋە ھاۋا ئارمىيە قوماندانلىق شىتابى تەرىپىدىن ئايرىم-ئايرىم ھالدا مۇكاپاتلانغان. 1999-يىلى ‹زەھەرشۇناسلىق ئىلمىي جەمئىيىتى› تەرىپىدىن «مۇنەۋۋەر ماقالە» مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن. 2001-يىلى ئۆتكۈزۈلگەن ‹دىئابېت كېسەلى (قەنت سىيىش كېسەلى)نى داۋالاش تېخنىكىسىنى ئالماشتۇرۇش ئىلمىي يىغىنى›دا بىر ماقالىسى ‹ئەڭ ياخشى ماقالە› مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن. يېڭى دورىلارنى تەتقىق قىلىش ۋە بارلىققا كەلتۈرۈش جەھەتتە قوشقان تۆھپىسى كۆرۈنەرلىك بولغان. ئىنسۇلىننى ئېغىز ئارقىلىق ئىستېمال قىلىش تېخنىكىسى بويىچە پاتېنتقا ئېرىشكەن. يېڭى دورىلارنى

تەتقىق قىلىش ۋە ۋۇجۇتقا كەلتۈرۈش بىلەن مۇناسىۋەتلىك تەتقىقات لايىھەسىنى تۈزۈش، تەجرىبە قىلىش ۋە كىلىنىكىلىق سىناق قىلىش جەھەتلەردە ئۆزگىچە ئۇسلۇب ئىجاد قىلىپ، ئالاھىدە نەتىجە ياراتقان. ھازىر خەلقئارا تېببىي دورا تەتقىقات ئىدارىسىدا دۇنياۋى دورا تەتقىق قىلىش ۋە ۋۇجۇتقا كەلتۈرۈش چوڭ تەتقىقات گورۇپپىسىدىكى راك كېسەللىرىنى داۋالايدىغان دورىلارنى تەتقىق قىلىش ۋە ۋۇجۇتقا كەلتۈرۈش تارمىقىنىڭ دىرېكتورى. دورا تەتقىقاتى ساھەسىدە پەۋقۇلاددە نەتىجە يارىتىپ، ھازىرقى زامان ئامېرىكا جەمئىيىتىنىڭ يۈكسىلىشىگە تېگىشلىك تۆھپە قوشقانلىقى ئۈچۈن، نامى مەزكۇر كىتابقا كىرگۈزۈلدى.»

پاھ! بىزدىنمۇ مۇشۇنداق كىتابلارغا مەشھۇرلار قاتارىدا تىزىلىدىغانلار بار ئىكەن-ھە؟! ــ دەپ ئويلىدىم ۋە رىشات ئاكىغا بولغان ھۆرمىتىم ئاشتى.

ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان چېغىمدا، ھەممىلا نەرسىنى ئۇيغۇر بولمىغان كىشىلەرنىڭ ئىجاد قىلغانلىقىنى ياكى بايقىغانلىقىنى ئۆگىنىپ، بىز ئۇيغۇرلاردىن خەلقئارالىق تەسىرگە ئىگە بىرەر كىشى يوقمىدۇ، دەپ مەيۈسلەنگەنلىكىم ئېسىمدە.

مەن ئادەتتىكىچىلا سالام-سائەت قىلىشىدىغان، دوكتور ئۇنۋانىنى ئالغان رىشات ئاكىنىڭ پەن-تېخنىكا ساھەسى ئېتىراپ قىلغۇدەك بۇنچىلىك چوڭ نەتىجە قازانغانلىقىنى خىيالىمغا كەلتۈرۈپمۇ باقماپتىكەنمەن. بۈگۈن باشقىچە روھلاندىم. ئەتراپىمغا قاراپ، يۇقىرى ئاۋازدا:

ــ ئەي ئىنسانلار! بىز مانا مۇشۇنداق ئىلىم سۆيەر ۋە ئەقىللىق كىشىلەرمىز! بىزدىن ھەرخىل كەسىپلەردە سانسىزلىغان رىشات ئاكىلار چىقىدۇ! ــ دېگۈم كەلدى. چۈنكى دوكتور رىشات ئاكىنىڭ مۇۋەپپەقىيىتى قەلبىمدىكى ئۈمىد ئۇچقۇنلىرىنى يالقۇنلىتىۋەتكەن ئىدى.

## كۆنۈكمە

### 1.تۆۋەندىكى سوئاللارغا جاۋاب بېرىڭلار.



1) ئاپتور ئىشتىن چۈشكەندىن كېيىن نەگە بارىدۇ؟

2) ئاپتور دوكتور رىشات ئاكا ھەققىدە قانداق ئۇچۇرنى ئوقۇيدۇ؟

3) دوكتور رىشات ئاكا نېمە ئۈچۈن مەشھۇر شەخسلەرنىڭ ئارىسىدا تونۇشتۇرۇلغان؟

4) سىز ئۇيغۇرلاردىن يەنە قانداق ئالىملارنى بىلىسىز؟

### 2. تۆۋەندىكى جۈملىلەرنى ئوقۇڭلار، ئاستى سىزىلغان سۆزلەرگە جۈملە تۈزۈڭلار.

1) بۈگۈن بىز ياش-ئۆسمۈرلەر سارىيىغا بېرىپ، تەنتەربىيە مۇسابىقىسىگە قاتنىشىمىز.

جۈملەم:

2) «غەلىبە» پۇتبول كوماندىسى ئىزچىل مەشىق قىلىش ئارقىلىق، ئاخىرى مۇسابىقىدە

ياخشى نەتىجىلەرگە ئېرىشتى.

جۈملەم:

3) ئۇ يەرگە بېرىش ئۈچۈن ئايروپىلانغا ئولتۇرسىڭىز ئاران ئىككى سائەتلا كېتىدۇ.

جۈملەم:

3 . تۆۋەندىكى جەدۋەلنى تولدۇرۇڭلار.

| يېڭى سۆزلىرىم | ئېنىقلىمام | لۇغەتتىكى مەنىسى |
|---|---|---|
| تىلسىم | | |
| نۇر | | |
| ئالىم | | |
| دوكتور | | |
| دوختۇر | | |
| ئىلمىي ماقالە | | |
| ئېتىراپ قىل- | | |
| هاياجانلان- | | |
| مەيۈسلەن- | | |
| ئىقتىسادشۇناس | | |

4. يۇقىرىدىكى «يېڭى سۆزلىرىم»نى لۇغەتتىكى مەنىسى بىلەن قوشۇپ، «لۇغىتىم»گە يېزىڭلار.

5. «يېڭى سۆزلىرىم»نىڭ ھەر بىرسىگە بىردىن جۈملە تۈزۈڭلار.

6. «ئۇيغۇر كومپيۇتېر ئىلمى جەمئىيىتى» (UKİJ) نىڭ تور بېتىدىن تۆۋەندىكى باسقۇچلار بويىچە كومپيۇتېرىڭلارغا ئۇيغۇرچە فونت قاچىلاڭلار.

1) تۆۋەندىكى تور بېتىنى ئېچىڭلار.

https://www.ukij.org/ug/

2) بۇ بەتنىڭ ئوتتۇرسىدا بېرىلگەن ئۇلىنىشتىن ئەڭ يېڭى نۇسخىسىنى چۈشۈرۈڭلار.

http://ukijorgfonts.googlecode.com/files/ukijorgfonts.zip

3) زىپ ھۆججىتىنى يېيىڭلار.

4) فونتنىڭ ھەممىسىنى تاللاپ، چاشقىنەكنىڭ ئوڭ تەرىپىنى بېسىپ، ئورنىتىڭلار.




## بىلىۋالاي

رىشات ئابباس ئەپەندى 1994-يىلى ئامېرىكىنىڭ ئوخايو ئىشتاتلىق ئۇنىۋېرسىتېتىدا تىببىي دورا تەتقىقات ئىلمى بويىچە دوكتورلۇق ئۇنۋانى ئالغان. ئۇ ئوتتۇز يىللىق تىببىي دورا تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللىنىش جەريانىدا، ئون خىل يېڭى دورىنى يارىتىش تەتقىقاتىغا ۋە ئۇلارنىڭ تەستىقلىنىشىغا زور ھەسسە قوشقان. ھازىرغا قەدەر تىببىي دورا تەتقىقاتىغا ئائىت 150 پارچىدىن ئارتۇق ئىلمىي ماقالىنى خەلقئارالىق تىببىي دورا تەتقىقاتى ژۇرناللىرىدا ئېلان قىلغان. ئۇنىڭ تەتقىقات ماقالىلىرى كۆپ قېتىم ئالىي دەرىجىلىك مۇكاپاتلارغا ئېرىشكەن. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، ئۇ ئۇيغۇر ئاكادېمىيەسىنىڭ رەئىسلىك ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئېلىپ، مۇھاجىرەتتىكى ئۇيغۇر پەن-تەتقىقاتچىلار ۋە باشقا زىيالىيلار بىلەن بىرلىكتە، ئۇيغۇرلارنىڭ ئىلىم-پەن ئارقىلىق يۈكسىلىشى يولىدا ئەمەلىي ۋە خالىس خىزمەت قىلىپ كەلمەكتە.

## 15- دەرس

# كىچىك ئالىم

### (تەسىرات ماقالىسى)

ئەتراپىمغا قارىسام نۇرغۇن نەرسىلەرنى كۆرىمەن. قەلەم، قەغەز، تېلېۋىزور، توڭلاتقۇ، كىرئالغۇ، يانفون، ئىشىك، دېرىزە ... بۇلارنىڭ ھەممىسى ئىجاد قىلىنغان نەرسىلەر. ئىنسانلار بۇ نەرسىلەرنى نېمىشقا ئىجاد قىلغاندۇ، دەپ ئويلاپ قالدىم. سوئالىمغا جاۋاب تېپىش ئۈچۈن بۇ نەرسىلەرنىڭ نېمە رولى بارلىقىنى يېزىپ چىقتىم. كېيىن بۇ نەرسىلەر بولمىسا، قانداق قىيىنچىلىقلارغا دۇچ كېلىدىغانلىقىمىزنى يېزىپ چىقتىم. يازغانلىرىمنى تەھلىل قىلىش ئارقىلىق بىر خۇلاسىگە كەلدىم.

كۈندىلىك تۇرمۇشتا كىشىلەر مەلۇم بىر قىيىنچىلىققا يولۇققاندا، بۇ قىيىنچىلىقنى ھەل قىلىش ئۈچۈن چوقۇم ئامال-چارە ئىزدەيدۇ. شۇ جەرياندا بىر نەرسىلەرنى ياساپ، قوراشتۇرۇپ ئىشلىتىپ باقىدۇ. ئەگەر سىناقتىن ئۆتسە ئۇنى ئىشلىتىشنى داۋاملاشتۇرىدۇ. ھەتتا ئۇنى تېخىمۇ مۇكەممەللەشتۈرىدۇ. ئەگەر سىناقتىن ئۆتمىسە باشقا ئامال-چارىلارنى تېپىش ئۈچۈن باش قاتۇرىدۇ، ئىزدىنىدۇ.

بىرنەچچە يىل ئاۋۋال پۈتۈن دۇنيا تاجىسىمان ۋىرۇستىن قۇتۇلۇشنىڭ يوللىرىنى ئىزدىدى. تۈرك خەلقلىرىنىڭ گېرمانىيەدە تۇرۇشلۇق پەرزەنتلىرىدىن پروفېسسور دوكتور ئۇغۇر شاھىن بىلەن دوكتور ئۆزلەم تۈرەجى، ئادەم بەدىنىنى بۇ ۋىرۇستىن قوغدايدىغان ۋاكسىنا ئىجاد قىلدى. بۇ ئىنسانىيەت ئۈچۈن نېمە دېگەن ئۇلۇغ خىزمەت-ھە؟! مۇشۇ ۋاكسىنا بىلەن ئەملەنگەندىن كېيىن، نۇرغۇن كىشىلەر ياشىيالىدى.

ئەسلىدە مەنمۇ بىر كىچىك ئالىم، چۈنكى مەنمۇ يوپۇرماقلارنى توشۇش ئۈچۈن كۆنلۈكتىن بىر سېۋەت ئىجاد قىلدىم. دوستۇم، سىزمۇ ئالىم بولالايسىز! مۇھىم بولغىنى قىيىنچىلىقنى بايقاپ، ئۇنى ھەل قىلىش ئۈچۈن بىر ئامال تېپىش، خالاس.



## كۆنۈكمە

**1. تۆۋەندىكى سوئاللارغا جاۋاب بېرىڭلار.**



1) ئىنسانلار نېمىشقا بىر نەرسە ئىجاد قىلىدۇ؟

2) تۈرك خەلقلىرىنىڭ گېرمانىيەدە تۇرۇشلۇق پەرزەنتلىرىدىن پروفېسسور دوكتور ئۇغۇر شاھىن بىلەن دوكتور ئۆزلەم تۈرەجى نېمە ئىجاد قىلدى؟

3) كىچىك ئالىم نېمە ئىجاد قىلدى؟

4) سىز ئەتراپىڭىزدا قانداق قىيىنچىلىقنى بايقىدىڭىز؟ بۇ قىيىنچىلىقنى يېڭىش ئۈچۈن نېمە ئىجاد قىلغۇڭىز بار؟

**2. تۆۋەندىكى سۆزلەرنىڭ قارشى مەنىسىنى يېزىڭلار.**

ھەقىقىي ..............................

سەممىي ..............................

مۇۋەپپەقىيەت ..............................

ئىشەنچلىك ..............................

**3. تۆۋەندىكى جۈملىلەرنىڭ قايسىسى ھەقىقىي ھادىسە ياكى ھەقىقىي نەرسىنى، قايسىسى خىيالىمىزدىكى ۋەقەنى ئىپادىلەيدۇ؟**

| جۈملىلەر | ھەقىقىي ھادىسە ياكى نەرسە | خىيالىمىزدىكى ۋەقە |
|---|---|---|
| 1933- ۋە 1944- يىللىرى 12-نويابىردا ۋەتىنىمىزدە مۇستەقىل جۇمھۇرىيىتىمىز قۇرۇلغان ئىدى. | | |
| باغچىدىكى گۈللەر ماڭا قاراپ كۈلۈپ تۇراتتى. | | |
| يوپۇرماقلار مەيىن شامالدا ئاستا پىچىرلاشقا باشلىدى. | | |
| دۆلىتىمىز شەرقىي تۈركىستاننىڭ بايرىقى — ئاي يۇلتۇزلۇق كۆك بايراقتۇر. | | |

4. تۆۋەندىكى جەدۋەلنى تولدۇرۇڭلار.

| لۇغەتتىكى مەنىسى | ئېنىقلىمام | يېڭى سۆزلىرىم |
| --- | --- | --- |
| | | پاراشۇت |
| | | پەرۋاز قىل- |
| | | لايىھە |
| | | ماھارەت |
| | | مۇۋەپپەقىيەت |
| | | ئۇرغۇت- |
| | | كىرلىك |
| | | شوينا |
| | | ئاجايىپ |

5. يۇقىرىدىكى «يېڭى سۆزلىرىم»نى لۇغەتتىكى مەنىسى بىلەن قوشۇپ، «لۇغىتىم»گە يېزىڭلار.

6. «يېڭى سۆزلىرىم»نىڭ ھەر بىرىگە بىردىن جۈملە تۈزۈڭلار.

7. تېكىستكە ئىككى ماۋزۇ يېزىڭلار.

## 16- دەرس

# ئۇيغۇر تىلى بىلىملىرى: رەۋىش ۋە ئۇنىڭ تۈرلىرى

### رەۋىش دېگەن نېمە؟

رەۋىش — شەيئىلەرنىڭ ھەرىكىتى ۋە بەلگىسىگە مۇناسىۋەتلىك ئەھۋالنى بىلدۈرىدىغان سۆز تۈركۈمى. رەۋىش شەيئىلەرنىڭ ياكى نەرسىلەرنىڭ ھەرىكىتىنىڭ ۋاقتى، ئورنى، ئۇسۇلى، ھالىتى، سۈپىتى ۋە شەيئىلەر بەلگىسىنىڭ دەرىجىسى قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. مەسىلەن:

بۈگۈن، تۈنۈگۈن، بۇ يىل، بۇلتۇر، ھازىر، بايا، ھېلى، مەڭگۈ، قىشىچە؛ نېرى، بېرى، قەستەن، ئومۇمەن، مەردلەرچە، ئارامخۇدا، سەللىمازا، ئالدىنئالا، قولمۇقول، چەمبەرچاس، ناھايىتى، تازا، ئەڭ، خويمۇ، تولىمۇ ...

### رەۋىش مەنىسىگە قاراپ تۆۋەندىكى تۆت تۈرگە بۆلىنىدۇ:

1. ۋاقىت رەۋىشلىرى: بۈگۈن، ئەتە، ئۆگۈنلۈككە، ئىندىنلىققا، بۇ يىل، كېلەر يىلى، بۇلتۇر، ھازىر، ھېلى، ئابايا، دەرھال، كېيىن، بۇرۇن، ھازىرچە، يازىچە، قىشىچە، مەڭگۈ، ھەردائىم، ھامان ...

2. ئورۇن رەۋىشلىرى: نېرى، بېرى، ئاندا، مۇندا، ئىلگىرى، تاشقىرى، يۇقىرى ...

3. دەرىجە رەۋىشلىرى: ناھايىتى، ئىنتايىن، تولىمۇ، خويمۇ، خېلى، سەل، سەل-پەل، پۈتۈنلەي، ئۇزۇل-كېسىل، تېخىمۇ، سەللىمازا ...

4. ھال رەۋىشلىرى: باتۇرلارچە، ۋەھشىيلەرچە، قەستەن، شەكلەن، پائال، شارتتىدە، پاققىدە، ۋاللىدە ...

## كۆنۈكمە

### 1. تۆۋەندىكى سوئاللارغا جاۋاب بېرىڭلار.

تۇرپاندىكى يارغول قەدىمكى شەھىرى

1) رەۋىش دېگەن نېمە؟ مىسال كەلتۈرۈڭلار.

2) رەۋىش مەنىسىگە قاراپ قايسى تۈرلەرگە بۆلۈنىدۇ؟

3) ۋاقىت رەۋىشلىرى بىلەن ئورۇن رەۋىشلىرىنىڭ پەرقى نېمە؟

4) دەرىجە رەۋىشلىرى بىلەن ھال رەۋىشلىرىنىڭ پەرقى نېمە؟



**2.تۆۋەندىكى ئاستىغا سىزىلغان رەۋىشلەردىن پايدىلىنىپ، جۈملە تۈزۈڭلار.**

1) بۇ يىل ئالىي مەكتەپكە قوبۇل قىلىنغان ئوقۇغۇچىلارنىڭ سانى خېلىلا ئاشتى.

2) بۇ خويمۇ ئوماق قىز ئىكەن، خۇددى قونچاقتەك ئوخشايدىكەن.

3) ئەسكەرلەر باتۇرلارچە جەڭ قىلىپ، شەھەرنى ئازاد قىلدى.

4) چىراغنىڭ يېنىشى بىلەن ئۆي ئىچى ۋاللىدە يورۇپ كەتتى.

**3. تۆۋەندىكى بوش ئورۇنلارنى تولدۇرۇڭلار.**

1) رەۋىش ـ شەيئىلەرنىڭ .................. ۋە .................. مۇناسىۋەتلىك ئەھۋالنى بىلدۈرىدىغان سۆز تۈركۈمى.

2) رەۋىش شەيئىلەر ھەرىكىتىنىڭ..................، ..................، ..................، ..................، .................. ۋە شەيئىلەر بەلگىسىنىڭ دەرىجىسى قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

3) يازىچە، قىشچە دېگەن سۆزلەر .................. رەۋىشلەر قاتارىغا كىرىدۇ.

4) «سەللىمازا ساقىيىپ كەتتى» دېگەن جۈملىدىكى .................. دەرىجە رەۋىشى ھېسابلىنىدۇ.

**4. تۆۋەندىكى رەۋىشلەرنى تۈرلەرگە ئايرىڭلار.**

| | |
|---|---|
| رەۋىشلەر | ئەتە، بۇ يىل، نېرى، مۇندا، ناھايىتى، سەل، باتۇرلارچە، پائال، شەكلەن، تاشقىرى، ئىچكىرى، قىشچە، يازىچە |
| ۋاقىت رەۋىشلىرى | |
| ئورۇن رەۋىشلىرى | |
| دەرىجە رەۋىشلىرى | |
| ھال رەۋىشلىرى | |

# مەشىق باغچىسى

**1. تۆۋەندىكى سۆزلەردىن سۆز بىرىكمىلىرى ياساڭلار.**

| | | | |
|---|---|---|---|
| ئەزىز | | باغرى تاش | |
| | | | |
| | | | |

**2. تۆۋەندىكى سۆزلەرنى ئىشلىتىپ، جۈملە تۈزۈڭلار.**

ئىلھام بەر-:

ئايىغى ئۈزۈلمەي:

قىلچە ئايىماستىن:

قايىل قىل-:

شامالدا ئۇچۇپ كېتىدىغاندەك:

**3. تۆۋەندىكى قوشۇمچىلاردىن پايدىلىنىپ سۆزلەرنى تۈرلەڭلار.**

ئۈلگە: ئۇنىڭ قېرىنداشلارچە مۇئامىلىسىدىن بەكلا سۆيۈندۈم.

---لارچە:

--چىلاپ:

---لاپ:

---چە:

**4. تۆۋەندىكى يېشىلتماقنى راۋان سۆزلەپ بېرىڭلار.**

بىزنىڭ ئۆيدە تۆت تەكچە،
ئوتتۇردىكى تەكچە قوش تەكچە،
ياندىكى تەكچە تاق تەكچە.




### 5. تېپىشالارچۇ، ئۇ نېمە؟

تەك تۇغۇلۇپ تەك ئۆسكەن ئىككى قوشنا،
بىر-بىرىنى كۆرەلمەيدۇ بۇلار ئەسلا.

(كۆز)

كۆكتە تۈگمەن تاش تۇرىدۇ،
قارىساڭ كۆزۈڭنى قاماشتۇرىدۇ.

(قۇياش)

### 6. تۆۋەندىكى ئىسخېمىدا رەۋىش قايسى بوش ئورۇنغا يېزىلىدۇ؟

سۆز تۈركۈملىرى

- مۇستەقىل سۆزلەر
- ياردەمچى سۆزلەر
- ئۈندەش سۆزلەر

تۇرغۇن سۆزلەر

# ئەجدادلار مىراسى

## بەشىنچى بۆلەك

دەرسكە تەييارلىق

- سىز باشقىلارغا ياردەم قىلىشنى خالامسىز؟
- ئەگەر ياردەم قىلسىڭىز، قايسى ئىشلاردا ياردەم قىلالايسىز؟

### 17- دەرس

## قەدىردان ئۇستاز

يالقۇن روزى

**(ھېكايە)**



بوراننىڭ ئىشىك-دېرىزىگە قاتتىق ئۇرۇلۇشىدىن چىققان گۈلدۈر-قاراس ئاۋازلار، ئەمدىلا كۆزى ئۇيقۇغا ئىلىشكەن مەمتىلى ئەپەندىنى ئويغىتىۋەتتى.

— ئاپلا، سىنىپنىڭ دېرىزىلىرى تېخى بېكىتىلمىگەن. بوراندا ئۇچقان توپا-چاڭلار سىنىپنى ۋەيران قىلىۋېتىدىغان بولدى.

مەمتىلى ئەپەندى مۇشۇلارنى ئويلىدى-دە، ئىرغىپ تۇرۇپ كەتتى. ئۆيدىكى ئىشقا يارىغۇدەك ئەدىيال، كىرلىك، يوتقان قاتارلىقلارنى ئېلىپ، يىڭى سېلىنىۋاتقان مەكتەپكە قاراپ يول ئالدى.

شىددەتلىك بوراننىڭ تەسىرىدە ئۇچۇپ كېلىۋاتقان قۇملارنىڭ ۋە توپىلارنىڭ كۆپلۈكىدىن كۆزنى ئېچىپ مېڭىش ناھايىتى قىيىن ئىدى. لېكىن مەمتىلى ئەپەندى ۋاز كەچمىدى، يالتىيىپ قالمىدى. مەكتەپ، سىنىپ، دەرس ۋە باللار ئۇنىڭ ئۈچۈن ھەممە نەرسىدىن مۇھىم ئىدى. ئۇ كېچىلەپ مەكتەپكە بېرىپ، سىنىپنىڭ دېرىزىلىرىگە ئۆزى ئېلىپ بارغان نەرسىلەرنى مەھكەم قىلىپ مىقلاپ قويدى.

ئۇزۇن ئۆتمەي ئاتۇشتا مەمتىلى ئەپەندىنىڭ تۇتۇپ كېتىلگەنلىك خەۋىرى تارقالدى. ئۇ قۇربان بولغاندا، ئەمدىلا ئوتتۇز ئالتە ياشقا كىرگەن ئىدى. ئوقۇغۇچىلىرى: «سۆيۈملۈك ئۇستازىمىز ياشىغان بولسا، يەنە نۇرغۇن مەكتەپلەرنى ئېچىپ، تېخىمۇ كۆپ قاراڭغۇ دىللارنى يورۇتقان بولاتتى» دېيىشتى.

## كۆنۈكمە

### 1. تۆۋەندىكى سوئاللارغا جاۋاب بېرىڭلار.

1) مەمتىلى ئەپەندى نېمشقا ئويغىنىپ كەتتى؟

2) ئۇ نېمە ئۈچۈن كېچىدە مەكتەپكە باردى؟

3) بۇ تېكىستنىڭ مەركىزىي ئىدىيەسى نېمە؟

4) مەمتىلى ئەپەندىنىڭ قايسى روھى ئۆگىنىشىمىزگە ئەرزىيدۇ؟



### 2. تۆۋەندىكى پارچىدا ئاستىغا سىزىلغان سۆزلەرگە جۈملە تۈزۈڭلار.

شۇنداق غەزەللەرنى ياڭرىتىپ، بىپايان داللاردا كۆمۈلمەس ئىزلارنى قالدۇرۇپ ئۆتكەن كارۋانلار يورۇش باشلىغان چاغلاردا، بەلكى سىز تېخى تۇغۇلمىغان ياكى تۇغۇلغان بولسىڭىزمۇ «تال چىۋىقنى ئات ئېتىپ» يۈرگەن بولغىيتتىڭىز؛ كىم بىلىدۇ، بەلكى شۇ يورۇشلەرنىڭ بىرەرسىدە قارا بوراندەك ئۇچقۇر ئاتلارغا مىنگەن ئەزىمەتلەر بىلەن بىللە جەڭ مەيدانلىرىدا قىلىچ ئويناتقانسىز ياكى ئېگىزلىقلارنى كۆكرىكىڭىز بىلەن تىلغاپ، چۆچەكلەردىكى ئەجدىھارلاردەك ئاغزىدىن ئوت ئېچىپ تۇرغان پوتەيلەرگە ئۆزىڭىزنى ئۇرغاندا، بەدىنىڭىزنىڭ بىر يېرى «پىژ» قىلىپ قالغاندۇ – دە، ئۆزىڭىز شېرىن ئۇيقۇغا كەتكەندەك بولۇپ قالغانسىز ...

ــ «ئىز» رومانىدىن

### 3. بوش ئورۇنلارغا مۇۋاپىق سۆزلەرنى تاللاپ يېزىڭلار.

قاراپ　　　تېخىمۇ　　　ئاپلا　　　ئەمدىلا

1) بۇ كىتابنى ئوقۇپ، .................... كۆپ نەرسىلەرنى ئۆگىنىۋالدۇق.

2) دەرس تۈگىگەندە ئۆيگە .................... يولغا چىقتىم.

3) ئۆكام .................... بەش ياشقا كىرگەن تۇرۇپ، سانلارنى يېزىشنى ئۆگىنىۋالدى.

4) ....................، سائەت سەككىز بولاي دەپتۇ ئەمەسمۇ! تېز ماڭايلى، بولمىسا كېچىكىپ قالىمىز.

4.تۆۋەندىكى جەدۋەلنى تولدۇرۇڭلار.

| يېڭى سۆزلىرىم | ئېنىقلىمام | لۇغەتتىكى مەنىسى |
|---|---|---|
| گۈلدۈر-قاراس | | |
| كۆزى ئۇيقۇغا ئىلىش - | | |
| ۋەيران بول- | | |
| ئىرغىپ تۇر- | | |
| شىددەتلىك | | |
| كېچىلەپ | | |
| قۇربان بول- | | |
| سۆيۈملۈك | | |
| قاراڭغۇ دىل | | |
| يورۇ- | | |

5. يۇقىرىدىكى «يېڭى سۆزلىرىم»نى لۇغەتتىكى مەنىسى بىلەن قوشۇپ، «لۇغىتىم»گە يېزىڭلار.

6. «يېڭى سۆزلىرىم»نىڭ ھەر بىرسىگە بىردىن جۈملە تۈزۈڭلار.



كىتابلارنىڭمۇ خۇددى ئىنسانلاردەك بىر كىملىكى بولىدۇ. كىتابنىڭ ئىسمى، يازغۇچىسى، نەشر قىلغۇچى ئورۇن ۋە نەشر قىلىنغان ۋاقتى قاتارلىقلار كىتابنىڭ كىملىك ئۇچۇرلىرىدۇر.

7. تۆۋەندىكى جەدۋەلنى تولدۇرۇش ئارقىلىق دەرسلىك كىتابىڭلارنىڭ كىملىكىنى يېزىپ چىقىڭلار.

| | |
|---|---|
| كىتابنىڭ ئىسمى | |
| تۈزگۈچىسى (يازغۇچىسى) | |
| نەشر قىلغۇچى ئورۇن | |
| نەشر قىلىنغان يەر | |
| نەشر قىلىنغان يىل | |
| نەشرىيات | |

## 18-دەرس

# كۆرۈشكەن كۈن

### (تەسرات ماقالىسى)

مەن تاغ شامالىرى بىلەن ئويىنىشىپ، ساۋاقداشلىرىم بىلەن غۇلجىنىڭ كەڭ كوچىلىرىنى بويلاپ «تۇغ مەيدانى»غا كېتىپ بارىمەن. خۇشاللىق ئىچىگە چۆمگەن يۈرىكىم ئالىلقاندادىقتۇر بىر ھاياجان بىلەن «دۈك-دۈك ...» قىلىپ سوقۇپ تۇرىدۇ.

مانا رەڭدار بېزەلگەن مەيدانغىمۇ يېتىپ كەلدۇق. مەيدان باھارنىڭ ئاجايىپ سوۋغىلىرى ۋە سان-ساناقسىز بالىلارنىڭ تۈرلۈك كىيىنىشلىرى بىلەن شۇ قەدەر گۈزەللىشىپ كەتكەنكى، قارىساڭ قارىغۇڭ كېلىپ تۇرىدۇ.

ئاز ئۆتمەي مەيداندا بىردىنلا گۈلدۈراس ئالقىش سادالىرى ياڭرىدى. مەن ھەيران بولۇپ ئەتراپىمغا قارىدىم. مېنىڭ يېنىمدا تۇرغانلارنىڭ ھەممىسى دىگۇدەك بويۇنلىرىنى سوزۇشۇپ، مۇنبەر تەرەپكە قارىشىۋاتاتتى ۋە ھاياجان بىلەن:

— قارا-قارا، مۇنبەرگە چىقتى ...

— كۆرمىدىڭمۇ، ئاۋۇ ئاق چاپان كىيگەن ئادەمنىڭ ئالدىدىكىچۇ، ئاشۇ ئەخمەت ئەپەندىم ...

— كۈلۈمسىرەۋاتىدۇ ...



— مانا بىزگە قاراۋاتىدۇ ... — دېيىشىۋاتاتتى.

مەن ئاجايىپ بىر شادلىق ئىچىدە ئۇلار قارىغان تەرەپكە قارىدىم. مىڭلىغان جۈپ كۆزلەر بىلەن تەڭ يۈرىكىمگە ئەڭ يېقىن بولغان كىشىنى ئىزدەۋاتاتتىم. مانا ئاخىرى خۇشاللىقىمدىن سەكرەپ كېتىشكە تاسلا قالدىم. ئۇ دېگەندەك بىز تەرەپكە قاراپ كۈلۈمسىرەۋاتاتتى.

بىر ھازادىن كېيىن مەيدان شۇ قەدەر جىمىپ كەتتىكى، زەن سالغان كىشى ئۆچۈپ كېتىۋاتقان چۈمۈلىنىڭ شەپىسىنىمۇ بەخۇدۇك ئاڭلىيالايتتى.

ئەنە، بايىقى بىزگە قاراپ كۈلۈمسىرىگەن كىشى! مۇنبەر ئالدىدا خۇددى قىزىق چۆچەك ئېيتىۋاتقان ئادەمگە ئوخشاش يېقىملىقتىنا سۆزلەۋاتىدۇ ... «بالىلار، سىلەر ۋەتىنىمىزنىڭ ئىگىلىرى، سىلەر كەلگۈسىمىزنىڭ ئىگىلىرى ...».

سۆزلەۋاتقان ئادەم ئەخمەتجان قاسىمى ئىدى. ئۇنىڭ سۆزى تۈگىگەندىن كېيىن مۇنەۋۋەر ئوقۇغۇچىلارنى مۇكاپاتلاش باشلاندى. مىكروفوندىن ئىسمى چاقىرىلغان كىشىلەر سەھنىگە چىقىشقا باشلىدى.

— شەرق مەكتىپىدىن يۇنۇسجان ...

— ئۈمىد مەكتىپىدىن سابىت روزى ...

مانا مېنىڭ ئىسمىمۇ چىقىپ قالدى. خۇشاللىقتىن تېخىمۇ ھاياجانلىنىپ كەتتىم. پۇتلىرىم تىترەپ، يۈرىكىم خۇددى يىراقتىن يۈگۈرۈپ كەلگەن ئادەمنىڭكىدەك دۈپۈلدەپ سوقۇپ كەتتى.

مانا مەن ئۇ ئادەم بىلەن يۈزمۇيۈز تۇرۇپتىمەن، ئارىمىز پەقەت بىرىم چامداملا! كۆزلىرىمگە ئىشەنگۈم كەلمەيتتى. ئۇ بىزنىڭ داھىيمىز! ئۇ بىزنىڭ يولباشچىمىز! ئۇ ۋەتىنىمىزنى ئازاد قىلغان ئەزىمەتلەردىن بىرى!

ئەخمەت ئەپەندى مۇكاپات بۇيۇمنى بېرىۋاتقاندا ماڭا مېھرىبان قوللىرىنى ئۇزاتتى. مەن ئاجايىپ بىر شادلىق ئىچىدە ئۇنىڭ قوللىرىنى قىستىم. كۆكرىكىدىكى دائىم تاقاپ يۈرىدىغان ئوردېنى بىزنىڭ ھەربىر قول سىقىشىمىزدا كۈمۈش نۇرلارنى چاچرىتىپ، ئۇيان-بۇيانغا سىلكىنىپ تۇراتتى.

بۇ كۈننى ھېچقاچان ئۇنتۇمايمەن!

## كۆنۈكمە

### 1. تېكىستتىكى سوئاللارغا جاۋاب بېرىڭلار.

1) ئەخمەتجان قاسىمى كىم؟



2) تېكىستكە نېمە ئۈچۈن «كۆرۈشكەن كۈن» دەپ ماۋزۇ قويۇلغان؟

3) ئاپتور نېمە ئۈچۈن شۇ كۈنكى كۆرۈشۈشتىن كېيىن ئۆزىنى شۇنچىلىك بەختلىك ھېس قىلىدۇ ۋە ھاياجانلىنىدۇ؟ بۇنى ئۇنىڭ قايسى سۆز-ھەرىكەتلىرىدىن كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ؟

4) بۇ تېكىستنى ئوقۇپ نېمىنى چۈشەندىڭىز؟

### 2. تېكىستتىكى جۈملىلەرنىڭ مەنىسىنى يېشىپ چۈشەندۈرۈڭلار.

1) خۇشاللىق ئىچىگە چۆمگەن يۈرىكىم ئاللىقانداقتۇر بىر ھاياجان بىلەن «دۈك-دۈك ...» قىلىپ سوقۇپ تۇرىدۇ.

2) مەيدان شۇ قەدەر جىمىپ كەتتىكى، زەن سالغان كىشى ئۈچۈپ كېتىۋاتقان چىۋىننىڭ شەپىسىنىمۇ بەخۇدۇك ئاڭلىيالايتتى.

3) باللار، سىلەر ۋەتىنىمىزنىڭ ئىگىلىرى، سىلەر كەلگۈسىمىزنىڭ ئىگىلىرى.

4) ئۇ بىزنىڭ داھىيمىز! ئۇ بىزنىڭ يولباشچىمىز! ئۇ ۋەتىنىمىزنى ئازاد قىلغان ئەزىمەتلەردىن بىرى!

3. تۆۋەندىكى سۆزلەرنىڭ ماس كەلگەنلىرىنى تۇتاشتۇرۇپ، سۆز بىرىكمىسى تۈزۈڭلار.

| | |
|---|---|
| بەخۇدۇك | سوقۇش |
| ئوردېن | ئالقىش |
| گۈلدۈراس | ئاشلاش |
| دۈك – دۈك | تاقاش |

4. تۆۋەندىكى جەدۋەلنى تولدۇرۇڭلار.

| يېڭى سۆزلىرىم | ئېنىقلىمام | لۇغەتتىكى مەنىسى |
|---|---|---|
| تاك شامالىرى | | |
| تۇغ | | |
| بېزەلگەن | | |
| مۇنبەر | | |
| شادلىق | | |
| بەخۇدۇك | | |
| مىكروفون | | |
| ھاياجان | | |
| مېھرىبان | | |
| ئوردېن | | |

5. يۇقىرىدىكى «يېڭى سۆزلىرىم»نى لۇغەتتىكى مەنىسى بىلەن قوشۇپ، «لۇغىتىم»گە يېزىڭلار.

6. «يېڭى سۆزلىرىم»نىڭ ھەر بىرسىگە بىردىن جۈملە تۈزۈڭلار.

## 19- دەرس

# ئۇيغۇر سەنئىتىنىڭ گۆلتاجى ــ ئون ئىككى مۇقام

ئابدۇكېرىم راخمان

(چۈشەندۈرۈش ماقالىسى)

ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامى ــ پارلاق ئۇيغۇر مەدەنىيەت خەزىنىسىدىكى بىباھا گۆھەر. ئەمگەكچان ۋە ئىجادچان ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئەقىل-پاراسىتىنىڭ جەۋھىرى. ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامى دۇنيا مىللەتلىرىنىڭ سەنئەت تارىخىدا كەم ئۇچرايدىغان ئالاھىدە ئەسەر بولغاچقا، «شەرق مۇزىكا مەدەنىيىتىدىكى مۆجىزە» دەپ تەرىپلەنگەن. شۇنداقلا بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى تەرىپىدىن «ئىنسانىيەت ئاغزاكى ۋە غەيرى ماددى مەدەنىيەت مىراسلىرىنىڭ ۋەكىللىك ئەسەرلىرى» قاتارىغا كىرگۈزۈلگەن.

مۇقام ــ تېكىستلەرنى ئاھاڭغا سېلىپ، سىستېمىلىق ھالدا ئوقۇلغان مىللىي ئۇسلۇبتىكى خەلق ناخشىلىرىنىڭ يىغىندىسىدۇر. ئۇ ئون ئىككى بۆلەكتىن تەشكىل تاپقانلىقى ئۈچۈن «ئون ئىككى مۇقام» دەپ ئاتالغان. ئۇيغۇر خەلقىنىڭ دۇنيا مەدەنىيەت خەزىنىسىگە قوشقان تۆھپىسى بولغاچقا، ئۇ «ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامى» دەپ تىزىمغا ئېلىنغان.

ئون ئىككى مۇقامنىڭ تېكىستلىرى ــ ئۇيغۇر كلاسسىك شائىرلىرىنىڭ شېئىرلىرى، ئۇيغۇر خەلق داستانلىرىنىڭ پارچىلىرى ۋە خەلق قوشاق-بېيىتلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

ئون ئىككى مۇقامنىڭ ئاتىلىشى مۇنداق: راك، چەببىيات، سىگاھ، چارىگاھ، پەنجىگاھ، ئۆزھال، ئەجەم، ئۇششاق، بايات، نەۋا، مۇشاۋەرەك، ئىراق.

ھەر بىر مۇقام ئۈچ چوڭ قىسىمنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. جەمئىي 30 نەغمە، 360 ئاھاڭ، 3435 مىسرادىن تەركىپ تاپىدۇ. ھەر بىر مۇقامنى ئايرىم ئورۇنلاشقا 2 سائەت، 12 مۇقامنى تولۇق ئورۇنلاشقا بولسا، جەمئىي 24 سائەت ۋاقىت كېتىدۇ.

## كۆنۈكمە



1. تۆۋەندىكى سوئاللارغا جاۋاب بېرىڭلار.

1) ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامى نېمە دەپ تەرىپلەنگەن؟

2) بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامىنى قايسى گۇرۇپپىغا كىرگۈزگەن؟

3) مۇقام قايسى قىسىملاردىن تەركىپ تاپىدۇ؟

4) ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامىنى قوغداش ئۈچۈن بىز نېمىلەرنى قىلالايمىز؟

**2. تۆۋەندە بېرىلگەن سۆزلەرنى مۇۋاپىق كەلگەن بوش ئورۇنلارغا تولدۇرۇڭلار.**

| ئەيىب | ئۆلنىش | ئاقسايتتى |
|---|---|---|
| داۋاملىششى | سەدەپتەك | ئىسسىق |

1) بۇ يەردە ھۆرمەتكە سازاۋەر مېھمانلارنى مېھمانخانىدا ياتقۇزۇش ناھايىتى .................................. ھېسابلىنىدۇ.

2) بىچارە تۆگىنىڭ سول پۇتى ئازراق ................................ .

3) نىيەتلىرىمىز ھەر زامان قۇلۇلە ئىچىدىكى ................................ بولسۇن.

4) بۇ ئۇرۇش نەچچە ئاي، ھەتتا نەچچە يىل ................................ مۇمكىن.

5) ھېرىپ كەلگەن ۋاقىتتا ................................ باسقۇدەك تاماق يېسە ئادەمنىڭ ھاردۇقى چىقىپ قالىدۇ.

6) ئەگەر دەرس توردىن ئۆتۈلسە، ئوقۇتقۇچى بىزگە ئۆلنىش ئەۋەتىپ بېرىدۇ. بىز شۇ ................................ ئارقىلىق تور سىنىپىغا كىرىمىز.

**3. تۆۋەندىكى جۈملىلەرنى ئۆلگە قىلىپ، ئاستى سىزىلغان سۆزلەردىن پايدىلىنىپ، يېڭى جۈملە تۈزۈڭلار.**

1) ئۇ يېقىلىپ چۈشۈپ تىزىنى يارىلاندۇرۇۋالغان بولسىمۇ، داۋاملىق توپ ئوينىدى.

2) بۈگۈن پەقەتلا مىجەزىم يوق، باشلىرىم ئاغرىپ تۇرىدۇ.

3) مۇشۇك بىلەن چاشقان» ناملىق مەسەلدىن ئەنە شۇ ھېكمەتنى چۈشىنەلەيمىز.

4) ئۆيگە ئەمدى كىرىپ تۇرۇشۇمغا مېھمانلار ئىشىكنى چەكتى.

**4.تۆۋەندىكى جەدۋەلنى تولدۇرۇڭلار.**

| لۇغەتتىكى مەنىسى | ئېنىقلىمام | يېڭى سۆزلىرىم |
|---|---|---|
| | | ئاھاڭ |
| | | ئىجادچان |

| | | |
|---|---|---|
| جەۋھەر | | |
| مۆجىزە | | |
| بىباھا | | |
| كىلاسسىك | | |
| مەدەنىيەت | | |
| خەزىنە | | |
| تۆھپە | | |
| سىستېمىلىق | | |

5. يۇقىرىدىكى «يېڭى سۆزلىرىم»نى لۇغەتتىكى مەنىسى بىلەن قوشۇپ، «لۇغىتىم»گە يېزىڭلار.

6. «يېڭى سۆزلىرىم»نىڭ ھەر بىرسىگە بىردىن جۈملە تۈزۈڭلار.

## بىلىۋالاي

### خانىش ئامانىنساخان

ئاتاقلىق مۇزىكاشۇناس، تالانتلىق شائىرە ئامانىنساخان، 1534- يىلى يەكەن دەرياسىنىڭ غەربىي بۆلىكى بىلەن تىزناپ دەرياسى ئوتتۇرىسىدىكى يەكەن شەھىرىگە قاراشلىق بىر مەھەللىدە دۇنياغا كەلگەن. ئۇ ئاتىسىنىڭ يېتەكلىشى ۋە ئۆزىنىڭ قىزغىنلىقى بىلەن كىچىكىدىن باشلاپلا ساتار ۋە تەمبۇر چېلىشنى ئۆگەنگەن. شۇ كۈنلەرنىڭ بىرىدە سۇلتان ئابدۇرەشىتخان شىكارغا چىقىش جەريانىدا ئامانىنساخاننىڭ قابىلىيەت ۋە ئىستېدادىنى بايقاپ ئۇنى ئوردىغا ئالدۇرغان.

مەلىكە ئامانىنساخان ئۇستازى قىدىرخان يەركەندى بىلەن بىرلىكتە ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامىنى سىستېمىلاشتۇرۇش ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈش ئۈچۈن يۈرەك قېنىنى سەرپ قىلغان. ئۇ يەنە «ئەخلاقى جەمىلە» (گۈزەل ئەخلاق)، «شۇئۇرۇلقۇلۇب» (قەلبلەر كېڭىشى)، «دىۋانى نەفىسى» قاتارلىق ئەسەرلەرنى يازغان. «ئىشرەت ئەنگىز» (خۇشاللىق قوزغاش) ناملىق كۈيىنى ئىجاد قىلغان. ئۇيغۇر خەلقىنىڭ سۆيۈملۈك مۇقامشۇناس شائىرى خانىش ئامانىنساخان، 1568- يىلى 34 يېشىدا تۇغۇتتا ئالەمدىن ئۆتكەن. ئۇنىڭ تۆھپىسى ۋە قەدىرلىك نامى خەلقىمىزنىڭ قىممەتلىك مىراسى بولغان «ئون ئىككى مۇقام» كۈيلىرىگە جۆر بولۇپ، ئەۋلادتىن-ئەۋلادقا يادلىنىدۇ!

20- دەرس

# ئۇيغۇر تىلى بىلىملىرى: تەقلىد سۆزلەر

### تەقلىد سۆز دېگەن نېمە؟

كىشىنىڭ ئاۋازى، كۆرۈش ۋە ھېسسىي سېزىمىگە تەقلىد قىلىنغان سۆزلەر «تەقلىد سۆز» دەپ ئاتىلىدۇ.

مەسىلەن: غىچ، پىسسىڭگىدە، جىغ، شار-شار، توك- توك ...

ئىشىك غىچ قىلىپ ئېچىلدى.

بۇ ۋاراڭ-چۇرۇڭدا نېمىنى ئاڭلىغىلى بولسۇن.

يۈرىكىم جىغ قىلىپ كەتتى.

تەقلىد سۆزلەر ئىپادىلىگەن ئوبيېكتلىرىغا ئاساسەن تۆۋەندىكى ئۈچ تۈرگە بۆلىنىدۇ:

1) ئاۋاز تەقلىدلىرى : شار-شۇر، ۋاراڭ-چۇرۇڭ، تاراق-تۇرۇق، گاڭ-گۇڭ، غاڭ-غۇڭ ...

2) ھالەت-ئوبراز تەقلىدلىرى: ۋال-ۋۇل، غال-غال، پار-پۇر، ئىمىر-چىمىر ...

3) ھېسسىيات تەقلىدلىرى: لوق-لوق، زىڭ-زىڭ، چىم -چىم، جىغ-جىغ ...

## كۆنۈكمە

1. تۆۋەندىكى سوئاللارغا جاۋاب بېرىڭلار.

1) تەقلىد سۆز دېگەن نېمە؟ مىسال كەلتۈرۈڭلار.

2) تەقلىد سۆزلەر قانچە تۈرگە بۆلىنىدۇ؟

3) ئاۋاز تەقلىدلىرى قايسىلار؟

4) ھالەت تەقلىدلىرى قايسىلار؟



## 2. تۆۋەندىكى جۈملىلەرنىڭ توغرا-خاتالىقىغا ھۆكۈم قىلىڭلار.

1) تەقلىد سۆزلەر ئىپادىلىگەن ئوبيېكتلىرىغا ئاساسەن تۆت تۈرگە بۆلۈنىدۇ. (   )

2) «ئىشىك غىچ قىلىپ ئېچىلدى» دېگەن جۈملىدىكى «غىچ» سۆزى، ئاۋاز تەقلىد سۆزىدۇر. (   )

3) «ئۇ قىز پىسسىڭىدە كۈلۈپ سالدى» دېگەن جۈملىدىكى«پىسسىڭىدە» سۆزى ھالەت تەقلىد سۆزىدۇر. (   )

4) «بېشىم لوق-لوق ئاغرىشقا باشلىدى» دېگەن جۈملىدىكى «لوق-لوق» سۆزى ھېسسىيات تەقلىد سۆزىدۇر. (   )

## 3. تۆۋەندىكى بوش ئورۇنلارغا مۇۋاپىق كەلگەن تەقلىد سۆزلەرنى تولدۇرۇڭلار.

چىم-چىم   غال-غال   ۋاراڭ-چۇرۇڭ   شار-شۇر

1) يىلىك كىيىنۋالغان بۇ بالا سوغۇقتىن (          ) تىترەيتتى.

2) سىنىپتا (          ) قىلىشماي دەرس ئاڭلاڭلار.

3) (          ) ياغقان يامغۇر بىلەن تەڭ ھەممە يەر ھۆل بولۇپ كەتتى.

4) بېلىم (          ) ئاغرىپ توختىمىغاچقا، مەكتەپكە بارالمىدىم.

## 4. تۆۋەندىكى تەقلىد سۆزلەرنى تۈرلەرگە ئايرىڭلار.

| | |
|---|---|
| | لوق-لوق، ۋال-ۋۇل، شار-شۇر، جىغ-جىغ، غال-غال، تاراق-تۇرۇق، گاژ-گۇژ، پال-پۇل، گۇر-گۇر، غىل-غىل |
| ئاۋاز تەقلىدلىرى | |
| ھالەت تەقلىدلىرى | |
| ھېسسىيات تەقلىدلىرى | |

# مەشىق باغچىسى

**1. تۆۋەندىكى سۆزلەرنىڭ مەنداشلىرىنى يېزىڭلار.**

| | |
|---|---|
| شېرىن | |
| خۇشال | |
| خىجىل بولۇش | |
| قايىل بولۇش | |
| ئىلھام بېرىش | |
| ئېسىل | |

**2. تۆۋەندىكى قارشى مەنىلىك سۆزلەرنى تۇتاشتۇرۇڭلار.**

| | |
|---|---|
| كۆڭلۈمسىرەش | رازى بولماسلىق |
| پىخسىق | راستچىل، سەمىمىي |
| قانائەت قىلىش | مەرد، سېخى |
| يالغانچى | خاپا بولۇش |

**3. تۆۋەندىكى ماقالىنىڭ مەنىسىنى يېشىپ بېرىڭلار.**

چاقىرمىغان يەرگە بارما،
چاقىرغان يەردىن قالما.

**4. تۆۋەندىكى سۆزلەرنى مۇۋاپىق كەلگەنلىرى بىلەن تۇتاشتۇرۇپ، سۆز بىرىكمىسى تۈزۈڭلار.**

| | |
|---|---|
| رەخت | ئېتىش |
| كاللا | ئىشلىتىش |
| تاماق | توقۇش |
| تاپشۇرۇق | سىلىش |
| دەزمال | ئىشلەش |

**5. تېپىڭلارچۇ، ئۇ نىمە؟**




ئېگىز ئاسماندا بىر قۇش بار،
يىپقا مەھكەم تارتىلغان.
شامال چىقسا قورقمايدۇ.
پەقەت يامغۇردىن قورقىدۇ.

(بۇلۇت)

ئېگىز تاغنىڭ ئۈستىدە يۇمران چۆپلەر دۆۋىسى،
ئورۇۋەتسەڭ ئۇلارنى، ئايدا ئۆسۈپ چىققۇسى؟

(چاچ)

### 6. تۆۋەندىكى جۈملىلەر قايسى سۆز بىلەن ماس كېلىدۇ؟

**سەۋەب-نەتىجە　　مىسال كەلتۈرۈش　　ئوخشىتىش**

1) ئەخمەتجان قاسىمى توغرىلىق بىلگەنلىرىمنى يېزىپ قالدۇردۇم، مەسىلەن: ھېلىقى «كۆرۈشكەن كۈن» ماۋزۇلۇق ماقالەم.

2) ناھايىتى قاتتىق بوران چىقىۋاتاتتى، شۇڭا مەتلى ئەپەندى ئىشىك-دەرىزىلىرى تېخى بېكىتىلمىگەن سىنىپلاردىن ئەنسىرەپ قالدى.

3) ئەخمەتجان قاسىمى مۇنبەر ئالدىدا خۇددى قىزىق چۆچەك ئېيتىۋاتقان ئادەمگە ئوخشاش يېقىملىقتىنا سۆزلەۋاتىدۇ...

### 7. تۆۋەندىكى جەدۋەلنى تولدۇرۇڭلار.

| ئىش-پائالىيەتلىرىم: | ئۆزۈمنى باھالاپ يۇلتۇز بېرىمەن. |
|---|---|
| ئوقۇغان تېكىستنى تولۇق چۈشىنىمەن. | ☆☆☆☆☆ |
| تاپشۇرۇقلىرىمنى تولۇق ئىشلەيمەن. | ☆☆☆☆☆ |
| مۇئەللىمنىڭ سۆزلىرىنى تولۇق چۈشىنىمەن. | ☆☆☆☆☆ |
| چۈشەنمىگەندە مۇئەللىمدىن سورايمەن. | ☆☆☆☆☆ |
| دەرس كىتابىمدىن باشقا كىتابلارنىمۇ ئوقۇيمەن. | ☆☆☆☆☆ |
| بەش يۇلتۇز بەرمىگەن ماددىلار بار. ئۇلارنى بەش يۇلتۇز بەرگىدەك دەرىجىگە ئېلىپ كېلىشنىڭ ئامال-چارىسى ھەققىدە مۇئەللىمىم بىلەن پىكىرلىشىمەن. | ☆☆☆☆☆ |

**8. مەمتىلى ئەپەندى ھەققىدە ئىزدىنىڭلار. ئەڭ ئاز ئىككى مەنبە تېپىڭلار ۋە بۇ مەنبەلەرگە ئاساسەن تۆۋەندىكى جەدۋەلنى تولدۇرۇڭلار.**

| قىلغانلىرىم | نەتىجە |
|---|---|
| ئىزدىنىپ تاپقان ماتېرىياللىرىمنى ساۋاقدىشىم تاپقان ماتېرىياللار بىلەن سېلىشتۇردۇم. | ئوخشاشلىقى:<br>پەرقى: |
| تاپقان ماتېرىياللارنىڭ ئىشەنچلىك ئىكەنلىكىنى بىلىش ئۈچۈن پايدىلانغان مەنبەلىرىگە قارىدىم. | مەنبەسىنى كۆرسىتىپتۇ. (    )<br>مەنبەسىنى كۆرسەتمەپتۇ. (    ) |
| تاپقان ماتېرىياللىرىمنىڭ نەشر قىلىنغان ۋاقتىغا ئاساسەن كونا ياكى يېڭى ئىكەنلىكىنى بايقىدىم. | |
| ماتېرىياللارنىڭ كىملىكىنى يازاي.<br>(يازغۇچىنىڭ ئىسمى، ئەسەرنىڭ ئىسمى، نەشرىيات، نەشر قىلىنغان يەر، نەشر قىلىنغان يىل، ئومۇمىي بەت سانى) | |

ئالتىنچى بۆلەك

# تارىخ ۋە بىز

دەرسكە تەييارلىق

- سىزنىڭچە، تارىختا ئۆتكەن قانداق كىشىلەر ئەۋلادتىن ئەۋلادقا يادلىنىپ ماڭىدۇ؟
- تارىختا ئۆتكەن كىشىلەرنىڭ ئىش- پائالىيەتلىرىنى بىز قانداق بىلەلەيمىز؟

21- دەرس

## نۇزۇگۇم قوشاقلىرى

(تارىخي قوشاق)

بىللە ئويناپ، بىللە ئۆسكەن،
يارۇ دوستلار ياخشى قال.
كىندىك قېنىم تۆكۈلگەن،
قەشقەر شەھرىم ياخشى قال.

غەم-غۇسسىگە باش ئەگمە،
ئەلنى باسقان تۇن كېتەر.
ئوت قۇياشتەك نۇر چاقناپ،
بىزنى پارلاق كۈن كۈتەر.

ھېچكىم مەندەك بولمىسۇن،
بالىلارغا قالمىسۇن.
ماڭا كەلگەن دەرد-ئەلەم،
ھېچ بەندىگە كەلمىسۇن.

كۆيۈپ يانسۇن زالىملار،
تاجۇ-تەختى كۈل بولسۇن.
ئەركىنلىك دۈشمەنلىرى،
يەر بىلەن يەكسان بولسۇن.



## كۆنۈكمە

**1. تۆۋەندىكى سوئاللارغا جاۋاب بېرىڭلار.**



1) نۇزۇگۇم قايسى شەھەردىن ئايرىلدى؟

2) نۇزۇگۇم كىملەر بىلەن خوشلاشتى؟

3) نۇزۇگۇم نېمىنى ئارزۇ قىلدى؟

4) سىز كەلگۈسىدە قايسى دۆلەتكە بېرىشنى نېمە ئۈچۈن ئارزۇ قىلىسىز؟

**2. تۆۋەندىكى سۆزلەرنىڭ مەنىداشلىرىنى يېزىڭلار.**

مەدھىيەلەش

كىچىك پېئىل

يوغان

شېرىن

كۆرۈمسىز

گۈزەل

**3. بېرىلگەن ئۆلگىگە ئاساسەن، تۆۋەندىكى جۈملىلەرنى كېڭەيتىپ يېزىڭلار.**

ئۆلگە: زالغا تاماشىبىنلار لىق تولغانىدى.

كەڭ، ئازادە زالغا چوڭ-كىچىك تاماشىبىنلار لىق تولغانىدى.

ساۋاقداشلار دەرس ئاڭلىماقتا.

ئۆمەر قىزىق ھېكايە ئېيتىپ بەردى.

كۇتۇپخانىغا كىتابلار تىزىلغان.

4) بۈگۈن بازار بەكلا قايناق ئىدى.

**4. تۆۋەندىكى جەدۋەلنى تولدۇرۇڭلار.**

| لۇغەتتىكى مەنىسى | ئېنىقلىمام | يېڭى سۆزلىرىم |
| --- | --- | --- |
| | | كىندىك قېنى تۆكۈلگەن يەر |
| | | بالا-قازا |
| | | بەندە |
| | | تاجۇ-تەخت |
| | | غەم-غۇسسە |
| | | زالىم |
| | | گۇمانلىق |
| | | سۈرگۈن |
| | | ئەركىنلىك |
| | | قەيسەر |

**5. يۇقىرىدىكى «يېڭى سۆزلىرىم»نى لۇغەتتىكى مەنىسى بىلەن قوشۇپ، «لۇغىتىم»گە يېزىڭلار.**

**6. «يېڭى سۆزلىرىم»نىڭ ھەر بىرسىگە بىردىن جۈملە تۈزۈڭلار.**

## بىلىۋالاي

### نۇزۇگۇم



1826- يىلى قەشقەر خەلقى قوللىرىغا قورال ئېلىپ، ئىشغالچى مەنچىڭ ئىشغالچىلىرىغا قارشى ئىسيان كۆتۈرىدۇ. مەنچىڭ ئىشغالچىلىرى قوزغىلاڭچىلارنى قانلىق باستۇرىدۇ ھەمدە «گۇمانلىق» دەپ قارالغان كىشىلەرنى يۇرت-ماكانى ۋە ئاتا-ئانىسىدىن ئايرىپ، ئىلىغا سۈرگۈن قىلىدۇ. بۇلارنىڭ ئىچىدە قەھرىمان قىز نۇزۇگۇممۇ بار ئىدى. ئۇ ئىلىغا بارغاندىن كېيىنمۇ كۈرەشنى داۋاملاشتۇرۇپ، ئۆزىگە ئوخشاش قەھرىمان قىز- ئوغۇللار بىلەن بىرلىكتە، مەنچىڭ چېرىكلىرىگە ئېغىر زەربە بېرىدۇ. كېيىن نۇزۇگۇم مەردلەرچە شېھىت بولىدۇ. ئۇنىڭ قەيسەر ئىرادىسى، گۈزەل ئەخلاق-پەزىلىتى، خەلققە ۋە يۇرتىغا بولغان چوڭقۇر مۇھەببىتى ۋە تىز پۈكمەس روھى ئىپادىلەنگەن قوشاقلىرى، تىللاردا داستان بولۇپ بىزگىچە يېتىپ كەلگەن.

## 22- دەرس

# قەنتتەك تاتلىق بالام، ساڭا ئاقيول تىلەيمەن!

سەلىمە ئا. كامال

**(ھيكايە)**

ئاپا، ئاپا! مەن ئەسكەر بولدۇم.

مەكتەپتىن قايتقان ئەنۋەر سومكىسىنى تاشلاپلا ئانىسىغا ئېسىلدى.

— يارايسەن بالام، باركاللا!- مەريەم ئانا ئوغلىنى چىڭ قۇچاقلىدى.

— ۋاي-ۋۇي، سەن ئەمدى ئون تۆت ياشقا كىرگەن تۇرساڭ، نېمە دەيدىغانسەن؟ — دېدى ھەدىسى پەردە ئەندىشە بىلەن.

— ھەدە، ساھىپجامال ئىسىملىك ئون ئۈچ ياشلىق بىر قىز ھەرەمباغ ئۇرۇشىغا قاتنىشىپ بىر پۈتى ئۈزۈلۈپ كېتىپتۇ. ئۇ مەندىن كىچىك ھەم قىز بالا ئىكەنغۇ.

ئەنۋەر قورغاستا تۇغۇلغان. ئۇ ھازىر «خەيرىيە» مەكتىپىنىڭ ئوقۇغۇچىسى. ئۇن يېشىدا ئاتىسىدىن يېتىم قالغان. شۇڭدىن بۇيان، كەڭرى مېۋىلىك باغنىڭ پەرۋىشىدە، كالا-قويلىرىنى بېقىشتا ئانىسىغا ياردەمچى ئىدى.

— ئاپا، ئەتىدىن باشلاپ مەكتەپتىن توختايمەن. مىلتىق ئېتىشنى، چۇۋۇپ-قۇراشتۇرۇشنى ئۆگىنىدىكەنمىز.

ئىككى ھەپتىدىن كېيىن، ئەنۋەر مىلتىقنى كۆكرىكىگە بېسىپ، قارا سۇ(شىخۇ)نى ئازاد قىلغۇچى جەڭچىلەر سېپىگە تىزىلدى.

— ئالغا! قەدەملەپ مارش!

كوچىنىڭ ئىككى قاسنىقىغا يىغىلغان خەلق جەڭچىلەرگە غەلىبە ۋە ئامانلىق تىلەپ دۇئا قىلىشماقتا.

سەپ قوزغالدى. بىر ئانا يالاڭ چاپىنىنىڭ سول پېشىنى يۆگەپ تۈتقانچە يۈگۈرۈپ، ئەنۋەرنىڭ سېپىگە يېتىشىۋالدى-دە:

— قەنتتەك تاتلىق بالام، مۇشۇ قەنتتەك ئاقيوللۇق بولغىن بالام! قەنت چاي دەملەپ كۈتىمەن بالام!

**– دېدى.**

**ئانا سەپتىن قالماي يۈگۈرەيتتى، چاپىنىنىڭ پېشىدىن ئوڭ قولىدا ئوچۇملاپ قەنت ئېلىپ، ئوغلىنىڭ بېشىغا چاچقۇ قىلىپ چاچاتتى. مەريەم ئانا قەنتنىڭ ھەممىسىنى چېچىپ تۈگەتتى. بىراق، يۈگۈرۈشتىن توختىمىدى. ئۇ ئاخىرى ھېرىپ قالدى. «مىللىي ئارمىيە» ئەسكەرلىرى «گۇرس-گۇرس!» دەسسەپ بارغانسېرى يىراقلاشتى.**

## كۆنۈكمە

### 1. تۆۋەندىكى سوئاللارغا جاۋاب بېرىڭلار.



1) بۇ ھېكايىدىكى ئەنۋەر قانچە ياشتا؟

2) ئانىسى ئۇنىڭغا نېمىشقا «بارىكاللا» دېدى؟

3) ئۇ نېمىشقا ئەسكەر بولدى؟

4) ئەگەر ئەنۋەرنىڭ ئورنىدا سىز بولسىڭىز قانداق قىلاتتىڭىز؟

### 2. تۆۋەندىكى جۈملىلەرنىڭ ئاخىرىنى تولۇقلاڭلار.

1) بىز ئۈچ قېرىنداش بولۇپ، مەن باشلانغۇچتا ئوقۇيمەن. بىر ئاچام ۋە بىر ئاكام بولسا، ..........

2) مەن قاراسۇغا بېرىپ باقمىغان بولساممۇ، ..........

3) ئاتا-ئانام مېنى قەۋەتلا ياخشى كۆرىدۇ، شۇڭا ..........

4) دوستۇم بىلەن بىللە ئۆگىنىش قىلىشقا كېلىشكەنتۇق، بىراق ..........

### 3. تۆۋەندىكى ماقال-تەمسىللەرنىڭ مەنىسىنى يېشىپ چۈشەندۈرۈڭلار.

1) جاپا تارتماي ھالاۋەت يوق، ئىناق بولماي سائادەت يوق.

2) موزاينىڭ يۈگۈرۈشى سامانلىققىچە.

3) يۇرت قوغدىساڭ ئۆسەرسەن، قوغدىمىساڭ ئۆچەرسەن.

4) تاش چۈشكەن يېرىدە ئەزىز، ئادەم تۇغۇلغان يېرىدە ئەزىز.

4. تۆۋەندىكى جەدۋەلنى تولدۇرۇڭلار.

| يېڭى سۆزلەر | ئېنىقلىما | لۇغەتتىكى مەنىسى |
|---|---|---|
| ئەسكەر | | |
| باركاللا | | |
| ئەندىشە | | |
| ساھىبجامال | | |
| خەيرىيە | | |
| يېتىم | | |
| قەنت | | |
| چاپان | | |
| مىللىي | | |
| ئاقىول بولسۇن | | |

5. يۇقىرىدىكى «يېڭى سۆزلەر»نى لۇغەتتىكى مەنىسى بىلەن قوشۇپ، «لۇغىتىم»گە يېزىڭلار.

6. «يېڭى سۆزلەر»نىڭ ھەر بىرسىگە بىردىن جۈملە تۈزۈڭلار.

7. تېكىستكە پەرقلىق ئىككى ماۋزۇ يېزىڭلار.

# ئوغۇزخان

## (چۈشەندۈرۈش ماقالىسى)




ئوغۇزخان ــ باتۇر قوماندان، ئادىل ۋە قەيسەر خاقان بولۇپ، ئۇيغۇر ۋە باشقا تۈرك خەلقلىرىنىڭ ئاتىسى، دەپ قارىلىدۇ. ئوغۇزخان– «ئوغۇزخان داستانى» ناملىق تارىخىي قىسسەنىڭ باش قەھرىمانىدۇر.

«ئوغۇزخان داستانى» ئوغۇزخاننىڭ ئانىسى ئايخاندىن تۇغۇلغان ۋاقتىدىن باشلاپ، ياشىنىپ قالغان چېغىدا بۈيۈك تۈرك دۆلىتىنى ئوغۇللىرىغا تەقسىملەپ بەرگەنلىكى بىلەن ئاياغلىشىدۇ. ئەسەر ئىككى بۆلەكتىن تەركىپ تاپىدۇ. بىرىنچى بۆلەكتە ئوغۇزخاننىڭ تۇغۇلۇشى، چوڭ بولۇشى، توي قىلىشى قاتارلىق مەزمۇنلار بېرىلگەن بولۇپ، ئۇيغۇرلارنىڭ كېلىپ چىقىش مەنبەسى رىۋايەت تۈسىدە تىلغا ئېلىنىدۇ. ئوغۇزخاننىڭ ئاۋۋال ئۈچ ئوغلى بولىدۇ. ئۇلارغا كۈن، ئاي، يۇلتۇز دەپ ئىسىم قويىدۇ. كېيىن يەنە ئۈچ ئوغلى بولىدۇ. ئۇلارغا «كۆك، تاغ، دېڭىز» دەپ ئىسىم قويىدۇ. ئىككىنچى بۆلەك باتۇر ئوغۇزخاننىڭ جەڭلىرى، نۇرغۇن دۆلەتلەرنى ۋە خەلقلەرنى ئۆزىگە بويسۇندۇرۇشى قاتارلىق ۋەقەلەرگە ئاتالغان.

ئەسەرنىڭ تۈگەنچىسىدە ئوغۇزخان ئۆز دۆلىتىنى ئوغۇللىرىغا تەقسىملەيدۇ ۋە مۇنداق دەيدۇ:

– ئەي ئوغۇللىرىم! مەن ئۇزۇن ئۆمۈر كۆردۈم. نۇرغۇن جەڭلەرنى باشتىن كەچۈردۈم. يا بىلەن نۇرغۇن ئوقلار ئاتتىم. ئايغىر بىلەن ئۇزاق سەپەرلەرگە چىقتىم. دۈشمەنلىرىمنى زار يىغلىتىپ، دوستلىرىمنى كۈلدۈردۈم. كۆك تەڭرى ئالدىدا بۇرچۇمنى ئادا قىلدىم. سىلەرگە يۇرتۇمنى تەقسىملەپ بېرىمەن. بۇنىڭ قىممىتىنى بىلىڭلار. ئۆز- ئارا ئىتتىپاق بولۇپ، دۈشمەنلەرگە پۇرسەت يارىتىپ بېرىشتىن ھەزەر ئەيلەڭلار.

(* رەسسام: در. پەرھات قۇربان تەڭرىتاغلى)

# كۆنۈكمە

**1. تۆۋەندىكى سوئاللارغا جاۋاب بېرىڭلار.**



1) ئوغۇزخان كىم؟«ئوغۇزخان داستانى»نىڭ باش قەھرىمانى كىم؟

2) ئوغۇزخان ھاياتىنىڭ ئاخىرىدا قانداق ۋەسىيەت قالدۇرغان؟

3) ئوغۇزخاننىڭ ۋەسىيىتىدىن نېمىنى چۈشەندىڭلار؟

**2. تۆۋەندىكىلەردىن ماس كەلگەنلىرىنى تۇتاشتۇرۇپ، سۆز بىرىكمىسى تۈزۈڭلار.**

| | |
|---|---|
| بەختلىك | سۆزلەش |
| گۈل-چېچەك | تۆكۈش |
| ئانا تىلىغا | ئىگە چىقىش |
| راۋان | ھېس قىلىش |
| ئەستايىدىل | سۇغۇرۇش |
| دەزمال | ئۆگىنىش |
| ئەخلەت | سىلىش |

**3. تۆۋەندە بېرىلگەن سۆزلەرنىڭ مۇۋاپىقىنى تاللاپ، بوش ئورۇنلارنى تولدۇرۇڭلار.**

1) باشقا كۆڭلەردىكى پائالىيەتلەرگىمۇ ........................ ۋاقىت چىقىرىپ قاتنىشىمەن.

**ئەسلا      ئامال بار      بىر قېتىممۇ**

2) مۇھتەرەم ئۇستازىمىزنىڭ ياتقان يېرى ........................ بولسۇن!

**قەبرىدە      مازارلىقتا      جەننەتتە**

3) بالىلارنىڭ چۈشلۈك تاماقى ۋە ساياھەت جەريانىدىكى ........................ ئاتا-ئانىلار ئۆزى ئۈستىگە ئالدى.

**كىرىملەرنى      چىقىملىرىنى      پۇللارنى**

4) سېرىنگۈلنىڭ خۇش پۇراقلىرى ھەر يانغا تاراپ، ئادەمگە خۇش كەيپىيات ۋە ھۇزۇر ........................................................ .

بەرمەيدۇ　　　　قاچۇرىدۇ　　　　بېغىشلايدۇ

**4. تۆۋەندىكى جەدۋەلنى تولدۇرۇڭلار.**

| يېڭى سۆزلىرىم | ئېنىقلىمام | لۇغەتتىكى مەنىسى |
|---|---|---|
| ئادىل قوماندان | | |
| قەيسەر خاقان | | |
| ھون-ئوغۇز | | |
| تېررىتورىيە | | |
| تەقسىملە- | | |
| ئايغىر | | |
| يا ئوقى | | |
| ھەزەر ئەيلە- | | |
| كۆك تەڭرى | | |
| تۇگەنچە | | |

**5. يۇقىرىدىكى «يېڭى سۆزلىرىم»نى لۇغەتتىكى مەنىسى بىلەن قوشۇپ، «لۇغىتىم»گە يېزىڭلار.**

**6. «يېڭى سۆزلىرىم»نىڭ ھەر بىرسىگە بىردىن جۈملە تۈزۈڭلار.**

## 24- دەرس

# ئۇيغۇر تىلى بىلىملىرى: پېئىل

### تۈپ پېئىل، ياسالما پېئىل ۋە قوشما پېئىل

شەيئىلەرنىڭ ئىش-ھەرىكىتىنى بىلدۈرىدىغان سۆز تۈركۈمى «پېئىل» دەپ ئاتىلىدۇ. پېئىللار مەنىسىگە ئاساسەن، شەيئىلەرنىڭ ھەرىكىتىنى بىلدۈرىدىغان پېئىللار، ھېس-تۇيغۇنى بىلدۈرىدىغان پېئىللار، ئۆزگىرىشنى بىلدۈرىدىغان پېئىللار دەپ ئۈچ تۈرگە بۆلۈنىدۇ. مەسىلەن:

ھەرىكەتنى بىلدۈرىدىغان پېئىللار: ماڭ-، ئىشلە-، ياز-، تۇر-، ئۇخلا- ...

ھېس-تۇيغۇنى بىلدۈرىدىغان پېئىللار: سۆي-، قورق-، تەسرلەن-، تۇي-، شادلان- ...

ئۆزگىرىشنى بىلدۈرىدىغان پېئىللار: ئۆزگەر-، ئازاي-، ئۆس-، ئۆل- ...

پېئىللار قۇرۇلما ئالاھىدىلىكىگە ئاساسەن تۈپ پېئىل، ياسالما پېئىل ۋە قوشما پېئىل دەپ ئۈچ تۈرگە بۆلۈنىدۇ:

#### (1) تۈپ پېئىل

ھېچقانداق قوشۇمچە قوشۇلماستىن، سۆزنىڭ يىلتىزى ھالىتىدە كەلگەن پېئىللار «تۈپ پېئىل» دەپ ئاتىلىدۇ. مەسىلەن:

ماڭ-، تۇر-، كۈل-، ئۇچ-، سەكرە- ...

#### (2) ياسالما پېئىل

تۈپ سۆزلەرگە پېئىل ياسىغۇچى قوشۇمچىلارنى قوشۇش ئارقىلىق ياسالغان پېئىللار «ياسالما پېئىل» دەپ ئاتىلىدۇ. مەسىلەن:

باش - لا = باشلا-

بىر - لەش = بىرلەش-

تۈز - ە = تۈزە-

غەزەپ - لەن = غەزەپلەن-

كۆك - ەر = كۆكەر- ...

### (3)قوشما پېئىل

ئىككى سۆزنىڭ مەنە جەھەتتىن ئايرىلماس بىر گەۋدىگە ئايلىنىشىدىن ھاسىل بولغان پېئىللار «قوشما پېئىل» دەپ ئاتىلىدۇ. مەسىلەن: بويسۇن-، تەپ تارت-، ئەپۇ قىل- ...

### پېئىللارنىڭ بولۇشلۇق-بولۇشسىزلىق شەكىللىرى

پېئىل ئىپادىلىگەن ھەرىكەتنىڭ مۇئەييەنلەشتۈرۈلگەن ياكى ئىنكار قىلىنغانلىقىنى بىلدۈرىدىغان شەكىلدۇر. بۇ شەكىل «-ما-، -مە-» قوشۇمچىسىنىڭ قوشۇلۇش-قوشۇلماسلىقى بىلەن ئىپادىلىنىدۇ مەسىلەن:

### بولۇشلۇق پېئىل

ياز-: مەن خەت يازدىم.

ئوقۇ-: ساۋاقدىشىم كىتاب ئوقۇدى.

سۆزلە-: ئىلھام توختى نۇتۇق سۆزلىدى.

### بولۇشسىز پېئىل

ياز-+-ما- = يازما -: مەن خەت يازمىدىم.

ئوقۇ-+-ما - = ئوقۇما -: ساۋاقدىشىم كىتاب ئوقۇمىدى.

سۆزلە-+-مە - = سۆزلەمە -: ئىلھام توختى نۇتۇق سۆزلىمىدى.

## كۆنۈكمە

### 1. تۆۋەندىكى سوئاللارغا جاۋاب بېرىڭلار.

1) پېئىل دېگەن نېمە؟ مىسال كەلتۈرۈڭ.

2) پېئىللار مەنىسىگە ئاساسەن قايسى تۈرلەرگە بۆلۈنىدۇ؟

3) پېئىللار قۇرۇلما ئالاھىدىلىكىگە ئاساسەن قانچە تۈرگە بۆلۈنىدۇ؟



4) تۈپ پېئىل دېگەن نېمە؟ مىسال كەلتۈرۈڭ.

5) ياسالما پېئىل دېگەن نېمە؟ مىسال كەلتۈرۈڭ.

**2. تۆۋەندىكىلەردىن ئۇيغۇن كەلگەنلىرىنى تۇتاشتۇرۇڭلار.**

| | |
|---|---|
| | يازما- |
| بولۇشلۇق پېئىل | ئوقۇما- |
| بولۇشسىز پېئىل | ئىشلە- |
| | كۆچۈرمە- |
| | سۆزلە- |

**3. تۆۋەندە بېرىلگەن جۈملىلەردىكى بوش ئورۇنلارنى تولدۇرۇڭلار.**

1) سۆزنىڭ يىلتىزى ھالىتىدىكى پېئىللار ............................... دەپ ئاتىلىدۇ.

2) تۈپ سۆزلەرگە پېئىل ياسىغۇچى قوشۇمچىلارنى قوشۇش ئارقىلىق ياسالغان پېئىللار ............................... دەپ ئاتىلىدۇ.

3) ئىككى سۆزنىڭ مەنە جەھەتتىن ئايرىلماس بىرگەۋدىگە ئايلىنىشىدىن ھاسىل بولغان پېئىللار ............................... دەپ ئاتىلىدۇ.

4) پېئىللارغا ............................... قوشۇمچىسى قوشۇلۇپ بولۇشسىز پېئىللار ياسىلىدۇ.

**4. تۆۋەندىكى پېئىللارنى تۈرلەرگە ئايرىپ، بوش ئورۇنلارغا يېزىڭلار.**

| |
|---|
| ماڭ-، تۇر-، كۈل-، يىغلا-، ئەپۇ قىل-، غەزەپلەن-، باشلا-، بىرلەش-،ئۇچ-، سەكرە-، كۆكەر-، بويسۇن- |

## مەشىق باغچىسى

- پېئىل
  - تۈپ پېئىل
  - ياسالما پېئىل
  - قوشما پېئىل

### 1. تېپىڭلارچۇ، ئۇ نېمە؟




كىچىك ـ كىچىك چىرايلىق،
گۈللۈك قەغەز تۈگۈنچە.
ئاچساڭ چىقار ئىچىدىن،
تاتلىق، شېرىن ئۈزۈمچە.

ئائىشەدە بىرى بار،
خۇرشىدەمدە يوق.
ئابلىكىمدە بىرى بار،
ئەرشىدىندە يوق.

## 2. تۆۋەندىكى قارشى مەنىلىك سۆزلەرنى تۇتاشتۇرۇڭلار.

| | |
|---|---|
| رەھىم قىلىش | خۇشال-خۇرام |
| گۇمانلىق | كۆز-قارىنى توق |
| خۇشال بولۇش | زۇلۇم قىلىش |
| ئاچكۆز | غايىب بولۇش |
| غەمكىن | ئىشەنچلىك |
| پەيدا بولۇش | كۆڭلى يېرىم بولۇش |

## 3. مۇۋاپىق كەلگەن سۆزلەرنى بوش ئورۇنلارغا تولدۇرۇڭلار.

ئەستايىدىل، پاكىزە، نەسىھەت ، مەدەت

1) ئاكام دائىم ماڭا ياخشى ئوقۇغىن دەپ ........................ قىلىدۇ.

2) كىم قوشاقنى ياخشى ئېيتسا، بىز چاۋاك چېلىپ ........................ بېرىمىز.

3) تاپشۇرۇقنى ........................ ئىشلەش كېرەك.

4) ھەر كۈنى سەھەردە چىشلىرىمنى........................چوتكىلايمەن.

## 4. تۆۋەندىكى ئۈلگىلەردىن پايدىلىنىپ جۈملە تۈزۈڭلار.

ئۈلگە: ئۇ ئايىقنى كىيدى ـ دە، يۇگۇرگەن پېتى تالاغا چىقىپ كەتتى.

........................ ـ دە، ........................ .

جۈملەم: ........................................................................

ئۈلگە: يىراقتىن بىر توپ بالا كېلىۋاتقان بولۇپ، ئەسقەرمۇ شۇلارنىڭ ئارىسىدا ئىدى.

........................ مۇ ........................ .

جۈملەم: ........................................................................

ئۈلگە: مەن ئاخشاملىرى بەزىدە كىتاب ئوقۇيمەن، بەزىدە خاتىرە يازىمەن.

........................ بەزىدە ........................ بەزىدە ........................ .

جۈملەم: ........................................................................ .

# ئەخلاق ـ پەزىلەت

دەرسكە تەييارلىق

- «ئىش ئۆملۈكتە كۈچ بىرلىكتە» دېگەن ماقالنى قانداق چۈشىنىمىز؟
- قىيىن ئەھۋالدا قالغاندا كىمدىن ياردەم سورايسىز؟

25 ـ دەرس

## ئۈچ بولكا

ئەبەيدۇللا ئىبراھىم

(ھېكايە)



ئايال بالىسىنى ئورۇندۇققا ئولتۇرغۇزۇپ قويۇپ، ئاپتوبۇس سىرتىغا تەلمۈرۈشكە باشلىدى. كېيىن ئون-ئونبىر ياشلاردىكى بىر ئوغۇل بالىنى چاقىردى.

ھاۋا خېلىلا ئىسسىپ قالغان، چىلگە زىرائەت مايسىلىرى قىر ياپقان مەزگىل بولسىمۇ، بۇ بالا ئۈچىسىغا ياماق چۈشكەن كالتە جۇۋا، تولا يۇيۇلۇپ ئاقىرىشقا باشلىغان كۆك خادانىدىن ئىشتان كىيىۋالغان، بېشىدا كونا شاپاق دوپپا، پۇتىدا پارقىراقلىقى يوقالغان ساپما كەش بولۇپ، ئۇنى پايپاقسىز كىيىۋالغانىدى. بالا ئاستا دېرىزە تۈۋىگە كەلدى.

ــ ئۇكام، خوش بولۇپ كېتەي، ماڭا ئۈچ بولكا ئەكىلىپ بەرسەڭ، ــ ئايال پۇلنى بالىغا ئۇزاتتى. بالا دەرۋازا تەرەپكە يالت قىلىپ بىر كۆز تاشلىۋالدى-دە، پۇلنى ئېلىپ، شۇ ياققا يۈرۈپ كەتتى.



— ۋاي-ۋۇي، قاراڭلار، بۇ بالا ئەمدى قايتىپ كەلمەيدۇ. بۈگۈن ناشتا قىلالماي قالغان نېمكەن-دە! — سوزۇنچاق يۈزلۈك كىشى سۆزلەشكە باشلىدى.

— بۈگۈنكى بالىلار بۆشۈكتىلا بۇزۇلۇۋاتىدۇ. ئەپتىگە قارىمىدىڭلارمۇ، ئۇ جەزمەن يانچۇقچى! ھېچ بولمىسا ئالدامچى، — ئاق يۈزلۈك ئايال كېسىپ ھۆكۈم قىلدى.

قانداقلا قىلىپ بولمىسۇن ئۇچ بولكا سېتىۋېلىپ بىرىنى بالىسى بىلەن ناشتىلىق، ئىككىسىنى چۈشلۈك قىلىشنى كۆڭلىگە پۈككەن ئايال ئارتۇقچە بىر نېمە دېمىدى، پەقەت بۇ سۆزمەنلەرگە قاراپ قويدى-دە، بالىسنى پەپىلەشكە باشلىدى.

— مانا ئۇنىڭ ئىشى قاملاشتى. ئۆزىنى بىردەم دالدىغا ئېلىپ تۇردۇ، ئاپتوبۇس گۈررىدە مېڭىپ كەتكەندىن كېيىن، ئاشخانىغا كىرىپ پولۇ ياكى لەڭمەن بىلەن قورساق توقلايدۇ.

— كالتە پەم چوكان، قاراپ تۇرۇپ پۇلنى بىر ئالدامچىغا چاڭگاللىتىپ قويدى - ھە!

— ياقەي ئۇنداق دېمەڭلار، ئوغرىمۇ ئادەم - دە، بۇ چوكان ئۇنىڭغا ئىچ ئاغرىتمىسا بولامدۇ؟ ...

مانا، ئەمدى ئايالنىڭ چىرايى ئۆڭۈشكە باشلىدى. ئۇ ئەتراپىدىكىلەرگە ئاڭلىتىپ تۇرۇپ:

— سىلەرگە نېمە دەز كەتتى، ئەكىلىپ بېرەر، ئەكىلىپ بەرمىسە باش - كۆزۈمنىڭ سەدىقىسى بولار، — دېدى .

شۇ ئارىدا شوپۇر تۇيۇقسىز پەيدا بولۇپ، ئالدىرىغان پېتى رولغا ئولتۇردى - دە، موتورنى ئوت ئالدۇردى. يولۇچىلارنىڭمۇ پاراڭلىرى موتور بىلەن تەڭلا ئوت ئېلىپ كەتتى. ھېلىقى سوزۇنچاق يۈز ئۆزىنىڭ «ئەۋلىيا»لىقىنى نامايان قىلغاندەك، ئايالنىڭ كۆزىگە ئاتايىن تىكىلىپ، مەسخىرە ئارىلاش كۈلۈپ قويدى. ئاق يۈزلۈك خوتۇن بولسا، ئايالغا دارتىپ، دىمىغىدا قاتتىق يۆتىلىپ قويدى.

ئاپتوبۇس قوزغالدى.



باھار ئاپتىپىدا قۇرۇپ كەتكەن توپىلىق بىكەتتىن قويۇق چاڭ ئۆرلىدى. ئاپتوبۇس ئاستا مېڭىپ دەرۋازىدىن چىقتى. شۇ ئەسنادا ئەينەك راملىق يېمەكلىكلەر ھارۋىسىنىڭ ئالدىدا تۇرغان ئادەملەر ئارىسىدىكى ھېلىقى بالىغىمۇ ئۆچرەتتە نۆۋەت كېلىپ قالغانىدى.

ئاپتوبۇس چوڭ يولغا قايرىلىۋاتقاندا چاڭ - توزانلار

ئارىسىدىن ھېلىقى بالا پەيدا بولدى ـ دە، ئاپتوبۇسنىڭ كەينىدىن جىنىنىڭ بارىچە يۈگۈردى. ئۇنىڭ ئوڭ قولىدا بولكا، سول قولىدا قەغەز پۇل تۇراتتى. ئۇ: «ئاچا، مانا سىزگە ئۈچ بولكا! مانا ئاشقان پۇل! ...» دەپ ۋاقىرايتتى. مەن شوپۇرغا دەپ ئاپتوبۇسنى توختاتتىم. بالا يىقىلىپ ـ قوپۇپ، ئېلىپ كەلگەن نەرسىلىرنى ئايالنىڭ قولىغا تەسلىكتە تۇتقۇزدى. ئايالنىڭ چىرايىغا كۈلكە يۈگۈردى. ئاپتوبۇس قويۇق چاڭ توزىتىپ، ئۇچقاندەك يۈرۈپ كەتتى.

مەن چاڭ توزانلار ئارىسىغا قارىدىم ۋە ھېلىقى ئىسمىنىمۇ بىلمەيدىغان بالىنى كۆرگەندەك بولدۇم. ئۇ ھېلىمۇ باللارغا خاس ئىنچىكە، يېقىملىق ئاۋازى بىلەن «مانا ئۈچ بولكا! مانا ئاشقان پۇل!» دەپ ۋارقىرايتتى، مۆدۈرۈلەتتى، يۈگۈرەيتتى ...

## كۆنۈكمە

**1. تۆۋەندىكى سوئاللارغا جاۋاب بېرىڭلار.**



1) ئايالنىڭ بولكا ئېلىشىغا كىم ياردەم قىلدى؟
2) ئايال بالىغا بولكا ئۈچۈن پۇل بەرگەندە باشقىلار نېمىلەرنى دېدى؟
3) ئاپتوبۇس مېڭىپ كەتكەندىن كېيىن بالا قانداق قىلدى؟
4) سىز بالىنىڭ ئورنىدا بولغان بولسىڭىز قانداق قىلاتتىڭىز؟

**2. تېكستكە ئاساسەن بوش ئورۇنلارنى تولدۇرۇڭلار .**

**مەسخىرە ئارىلاش ، كۆڭلىگە پۈككەن، چىرايى، جىنىنىڭ بارىچە، قەغەز پۇل**

1) ئەمدى ئايالنىڭ .................... ئۆڭۈشكە باشلىدى.

2) ئۈچ بولكا سېتىۋېلىپ بىرىنى بالىسى بىلەن ناشتىلىق، ئىككىسىنى چۈشلۈك قىلىشنى .................... ئايال ئارتۇقچە بىر نېمە دېمىدى.

3) ئاپتوبۇسنىڭ كەينىدىن .................... يۈگۈردى. ئۇنىڭ ئوڭ قولىدا بولكا، سول قولىدا .................... تۇراتتى.

4) ھېلىقى سوزۇنچاق يۈز ئۆزىنىڭ «ئەۋلىيا»لىقىنى نامايان قىلغاندەك، ئايالنىڭ كۆزىگە تىكىلىپ .................... كۈلۈپ قويدى.

3. تۆۋەندىكى سۆزدىن پايدىلىنىپ سۆز بىرىكمىسى ياساڭلار.




4. تۆۋەندىكى جەدۋەلنى تولدۇرۇڭلار.

| يېڭى سۆزلىرىم | ئېنىقلىمام | لۇغەتتىكى مەنىسى |
|---|---|---|
| چىلگە | | |
| كالتە جۇۋا | | |
| كۆك خادانى | | |
| شاپاق دوپپا | | |
| ساپما كەش | | |
| سۆزمەن | | |
| كالتە پەم | | |
| چىرايى ئۆڭ- | | |
| موتور | | |
| رامكا | | |

5. يۇقىرىدىكى «يېڭى سۆزلىرىم»نى لۇغەتتىكى مەنىسى بىلەن قوشۇپ، «لۇغىتىم»گە يېزىڭلار.

6. «يېڭى سۆزلىرىم»نىڭ ھەر بىرسىگە بىردىن جۈملە تۈزۈڭلار.

# 26-دەرس

## ۋەدە

### (ھېكايە)

ياز كۈنلىرىنىڭ بىرىدە، مەن شەھەر باغچىسىدا كىتابنى بېرىلىپ ئوقۇپ، گۇگۇم ۋاقتى بولۇپ قالغانلىقىنى تۇيماي قاپتىمەن. مەن باغچىنىڭ دەرۋازىسى تاقىلىپ قالمىسۇن دەپ دەرۋازا تەرەپكە كېتىۋاتقانىدا، يەتتە-سەككىز ياشلاردىكى بىر بالىنىڭ يىغلاپ تۇرغانلىقىنى كۆردۈم.

— ھوي شاكىچىك، نېمە بولدۇڭ؟-دەپ سورىدۇم.

ئۇ بالا شۇ ھامان يىغىدىن توختاپ  ماڭا قارىدى ۋە

— ھېچنېمە،— دېدى.

— ھېچنېمە دەيسەنغۇ؟ سېنى بىرى بوزەك قىلدىمۇ؟

— ياق.

— ئەمىسە نېمىشقا يىغلايسەن؟

...

— كەچ كىردى يۈر كېتەيلى، باغچىنىڭ دەرۋازىسى تاقىلىدىغان ۋاقىت بولدى.

— ياق، مەن كېتەلمەيمەن،

— نېمىشقا؟ ئىشىڭ بارمۇ؟

— ئىشىم يوق.

— ئەمىسە، ساڭا زادى نېمە بولدى؟ بىر يېرىڭ ئاغرىمدۇ؟

— ھېچ بىر يېرىم ئاغرىمايدۇ.

— ئەمىسە، نېمىشقا قايتمايسەن؟

— مەن پوستتا تۇرۇۋاتىمەن.

— پوستتا؟ قانداق پوستتا تۇرۇۋاتىسەن؟

— ئەستاغپۇرۇللا، نېمانداق چۈشەنمەيسىز؟ بىز ئويناۋاتىمىز.

— كىم بىلەن ئويناۋاتىسەن؟



بالا ئۈندىمەي، خورسىندى-دە، ئاندىن:

— دىلشات، تۇرغۇن قاتارلىق باللار بىلەن، — دېدى.

— قېنى ئۇ دوستلىرىڭ؟ — دېدىم ئۇنىڭغا.

— ئۇلار بىلەن بۇرۇن تونۇشمايتتىم. بۈگۈن دوست بولدۇق. بىر توپ بالا كېلىپ : «ئۇرۇش ئويۇنى ئوينايمىز، سەن ئونبېشى بول، بۇ تاش ئۆي بىزنىڭ ئوق-دورا ئامبىرىمىز. سەن پوستتا تۇرسەن، كېيىن بىرەيلەن كېلىپ سېنىڭ ئورنۇڭغا ئالمىشىدۇ» دېدى. مەن ماقۇل بولدۇم ھەمدە كېتىپ قالمايدىغانلىقىمغا ۋەدە بەردىم. مەن شۇ تۇرغانچە ھازىرغىچە پوستتا تۇردۇم، ئەمما ئۇلار تېخىچە كەلمىدى.

— ئۇنداق بولسا سەن بۇ يەردە يەنە نېمىشقا تۇرسەن؟

— مەن قەسەم بەرگەن — دېدى بالا.

قەسەم دېگەن قەسەم، قانداقلا بولمىسۇن ئۇنىڭغا ئەمەل قىلىش كېرەك، دېگەنلەر يادىمدىن كەچتى.

— مۇنداق گەپ ئىكەن-دە! — دېدىم مەن ئۇنىڭغا، — ئەمدى قانداق قىلماقچى بولۇۋاتىسەن؟

— بىلمەيمەن.

— قورسىقىڭ ئاچقاندۇ؟

— ھە ئاچتى.

— ياخشى، ئەمىسە مۇنداق قىلايلى، — دېدىم مەن بىر پەس ئويلىنىۋېلىپ، — سەن تېز ئۆيۈڭگە قايتىپ، تاماقىڭنى يە، مەن سېنىڭ ئورنۇڭدا پوستتا تۇراي.

— سىز ھەربىي ئەمەستە.

— دۇرۇس،— دېدىم مەن، — مۇنداق قىلساق مەسىلە ھەل بولمايدىكەن. مەن سېنىڭ پوستتىكى ئورنۇڭدىن كېتىشىڭگە بۇيرۇق قىلالمىغۇدەكمەن، ھەربىيلەرلا شۇنداق قىلالايدۇ ...

بىر ھەربىي تېپىپ كېلىشنى كۆڭلۈمگە پۈكۈپ، بالىغا:

— سەن بىردەم كۈتۈپ تۇر، — دېدىم-دە، دەرھال سىرتقا يۈگۈردۈم. بىر ھازادىن كېيىن ھەربىي فورما كىيىۋالغان بىر كىشىنى تېپىپ، ئەھۋالنى چۈشەندۈرۈپ، ئۇنى باللىنىڭ يېنىغا باشلاپ كەلدىم. بىز كەلگەندە بالا يەنىلا بۇرۇنقى جايىدا يىغلاپ تۇرغانىدى. مەن ئۇنى چاقىرىۋىدىم، ئۇ خۇشاللىقىدا ۋارقىرىۋەتكىلى تاس قالدى.

— قارىغىنا بىر ئوفىتسېر باشلاپ كەلدىم، — دېدىم مەن.

بالا ئوفىتسېرنى كۆرۈپ، خۇددى بىردىنلا بويى خېلى ئۆسۈپ قالغاندەك، شۇ ھامان قەددىنى رۇسلىدى.

— مۇھاپىزەتچى، — دېدى ئوفىتسېر ئۇنىڭغا، — سېنىڭ ئۇنۋانىڭ نېمە؟

— مەن ئونبېشى،— دېدى بالا.

— ئونبېشى! سېنىڭ پوستتىن چۈشۈشىڭگە بۇيرۇق بېرىمەن!

بالا بىر پەس جىمىپ كېتىپ، بۇرنىنى تارتىپ قويىدى — دە:



— سىزنىڭ ئۇنۋانىڭىز نېمە؟ —دەپ سورىدى.

— مەن مىڭبېشى.

بالا قولىنى كۆلرەڭ شەپكىسىنىڭ قىرىغا قويۇپ، ئېيتتى:

— خوپ، مىڭبېشى، مەن بۇيرۇقىڭىزغا بىنائەن پوستتىن چۈشىمەن!

ئۇ بۇ سۆزلەرنى شۇنچە جاراڭلىق، شۇنچە كەسكىن ئېيتقاچقا، ئوفىتسېر ئىككىمىز قاقاقلاپ كۈلۈپ كەتتۇق. بالىمۇ خۇشخۇي كۈلدى.

بىز ئۈچەيلەن باغچىدىن چىقىشىمىزغا، باغچىنىڭ دەرۋازىسىمۇ تاقالدى.

— ئونبېشى، سەن ھەقىقەتەن ئەزىمەت ئىكەنسەن، —دېدى ئوفىتسېر، — سەن ھەقىقىي جەڭچى بولالايسەن. خەير!

— خەير ...-دېدى بالا ئۇنىڭغا.

بالا بىلەن خوشلاشقاندىن كېيىن، كۆڭلۈمدە: بۇ بالا مۇشۇنداق مۇستەھكەم ئىرادىگە ئىگە بولسا، ئۆزىنىڭ سۆزىگە ئاشۇنداق ئەمەل قىلسا، چوڭ بولغاندا چوقۇم ھەقىقىي ئادەم بولىدۇ، دېگەنلەرنى ئويلىدىم-دە، بالىنىڭ قولىنى چىڭ سىقتىم.

# كۆنۈكمە

**1. تۆۋەندىكى سوئاللارغا جاۋاب بېرىڭلار.**



1) ھېكايىدە بالا نېمىشقا يىغلىدى؟

2) «مەن» بالىغا قانداق ياردەم بەردىم؟

3) بالا نېمىشقا پوستتىن چۈشەلمەيدۇ؟

4) سىز بولسىڭىز قانداق قىلاتتىڭىز؟

**2. بېرىلگەن سۆز ۋە سۆز بىرىكمىلىرى بىلەن بوش ئورۇنلارنى تولدۇرۇڭلار.**

| | | |
|---|---|---|
| ئالغا | كۆزىمىز قىيماي | چىپچىلىپ |
| ئۆزلۈكسىز | باھا | قولنى كۆكرىكىگە |

1) ئادەملەرنىڭ تۇرقىغا قاراپ .................. بەرمەسلىك كېرەك.

2) ئۇ ئۆزىگە قاتتىق تەلەپ قويغانلىقتىن تېز .................. باستى.

3) غەلىبە ــ ھورۇنلارغا ئەمەس، .................. تىرىشقانلارغا مەنسۇپ.

4) مېۋىلەرنى يەۋېتىشكە .................. ئانام بىلەن دادامغا ئېلىپ قويدۇق.

5) ئويناۋاتقان باللاردىن بىرى بۇ بوۋاينى كۆرۈپ، .................. قويۇپ سالام بەردى.

6) مۇئەللىم دەرس سۆزلەۋاتقاندا، دىققىتىم .................. كەتمىسۇن دەپ، تېلېفونغا قەتئىي قارىمىدىم.

**3. ئاستى سىزىلغان سۆزلەرگە جۈملە تۈزۈڭلار.**

1) بالا ئۆزىنىڭ ئورنىغا ئالمىشىشقا بىرى كەلمىگۈچە، كەتمەسلىككە قەسەم ئىچىپتۇ.

..................................................................

2 )«مەن» بۇ بالا چوڭ بولغاندا چوقۇم ھەقىقىي ئادەم بولىدۇ، دەپ ئويلىدىم.

..................................................................

3) «مەن» يەنە بىر بالىنىڭ باغچىدا ئىكەنلىكىنى ئېيتىپ، بىر نەچچە مىنۇت كۈتۈپ تۇرۇشنى ئۆتۈندۈم.

..........................................................................................

4) بۇ چاغدا «مەن» بالىغا قانداق ياردەم قىلسام بولار، دەپ ئويلىدىم.

..........................................................................................

**4. تۆۋەندىكى جەدۋەلنى تولدۇرۇڭلار.**

| يېڭى سۆزلىرىم | ئېنىقلىمام | لۇغەتتىكى مەنىسى |
|---|---|---|
| گۇگۇم ۋاقتى | | |
| بوزەك بول- | | |
| پوستىدا تۇر- | | |
| ئەستاغپۇرۇللا | | |
| خورسىنماق | | |
| قەسەم | | |
| ۋەدە | | |
| مىڭبېشى | | |
| ئۈنۈۋان | | |
| ئەزىمەت | | |

**5. يۇقىرىدىكى «يېڭى سۆزلىرىم»نى لۇغەتتىكى مەنىسى بىلەن قوشۇپ، «لۇغىتىم»گە يېزىڭلار.**

**6. «يېڭى سۆزلىرىم»نىڭ ھەر بىرسىگە بىردىن جۈملە تۈزۈڭلار.**

## 27-دەرس

# پوچى پاشا

(مەسەل)

بۇرۇننىڭ بۇرۇنىسىدا، بىر زەيكەشلىكتە بىر توپ پاشا بىر-بىرىنى راسا ماختىشىپ گىڭىلدىشىۋاتقانىكەن. توساتتىن بوران چىقىپ كېتىپتۇ. پاشىلار قېچىپ ئۈلگۈرەلمەپتۇ. بوران ئۇلارنى ئۇچۇرتۇپ تاملارغا، دەل-دەرەخلەرگە زەرب بىلەن ئۇرۇپتۇ-دە، مىجىقنى چىقىرىۋېتىپتۇ. ئارىدا بىر پاشا ئۆلمەي قاپتۇ، سەۋەبى، بوران ئۇنى يوغان بىر تۇپ ئالما دەرىخىگە ئۇرغاندا، بۇ پاشا دەرەخ قوۋزىقىنىڭ ئارىسىغا كەپلىشىپ قالغانىكەن.

بوران توختىغاندىن كېيىن ئۇ ھوشىغا كېلىپ، ئاستا ئەتراپقا قاراپتۇ. قارىسا، ئۆزى شۇنداق بىر ھەشەمەتلىك كاتتا بىر باغنىڭ ئىچىدە تۇرغىدەك. پاشا ئۆزىنىڭ ھايات قالغانلىقىدىن خۇشال بولۇپ، قىن-قىنىغا پاتماي كېتىپتۇ ۋە بۇنداق كەڭتاشا، گۈزەل باغدىن زادىلا كەتكۈسى كەلمەپتۇ. ئۇيان ئۇيىلاپ-بۇيان ئويلاپ، ئاخىرى مۇشۇ باغنىڭ پادىشاھى بولۇۋالسام دەپ شېرىن خىيالنى قىپتۇ-دە، ئالما دەرىخىنىڭ ئۈستىگە يامىشىپ چىقىپ، گىڭىلداپ ناخشا ئېيتىشقا باشلاپتۇ. بىر چاغدا بۇنىڭ گىڭىلدىشىدىن بىزار بولغان ئالما دەرىخى:

— ھەي ئاۋاق! نەدىن پەيدا بولغان بىر نېمە سەن؟ بېغىمىزنىڭ پەيزىنى ئۇچۇرماي يوقال بۇ يەردىن! — دەپ ۋارقىراپتۇ.



پاشا ھجيىپ، كۆرەڭلىگەن ھالدا:

— ۋاھ، ماڭا تەزىم قىلىپ، رەھمەت ئېيتماقتا يوق، يەنە تېخى يوقال دەيسىنا! — دەپتۇ.

— نېمە قىلغىنىڭغا رەھمەت ئېيتاتتىم؟ — دەپتۇ ئالما دەرىخى ئۇنىڭ سۆزىگە ھەيران بولۇپ.

پاشا ھېچقانداق تەپ تارتماي سۆزلەشكە باشلاپتۇ:

— تېخچە بىلمىدىڭمۇ؟ سېنى بايىقى بوراندىن ساقلاپ قالدىمغۇ! ئەگەر بايىقى بوراندا سېنى تۇتۇۋالمىغان بولسام، ئاللىقاچان سۇنۇپ، ھەتتا قومۇرۇلۇپ، يىلتىزىڭمۇ قالمىغان بولاتتى! ...

ئالما دەرىخى ئۇنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ قاقاھلاپ كۈلۈپ كېتىپتۇ ۋە كۈلكىدىن ئۆزىنى ئاران توختىتىپ:

— ھەي، يۈزى قېلىن ئاۋاق! ئۇيالساڭچۇ، مۇشۇ سۆزنى قىلىشقا قانداقمۇ تىلىڭ باردى؟ سېنىڭ

قانچىلىك نېمە ئىكەنلىكىڭنى كىم بىلمەيدۇ! ــ دەپتۇ.

پاشا پەرۋا قىلماي، تېخىمۇ پوچىلىق قىلىپ:

ــ بىلىپ قوي، مەن يالغۇز سېنىلا ئەمەس، پۈتۈن باغنى، ھەتتا مۇشۇ كەڭ يۇرت-ماكاننى ساقلاپ قالدىم! مېنىڭ كىم ئىكەنلىكىمنى بىلىشمەيۋاتامسەن؟!ــ دەپتۇ.



بۇ سۆزنى ئاڭلىغان باشقا ئالما دەرەخلىرىمۇ ئۇنىڭ كۆزىنى پارقىرىتىپ تۇرۇپلا پو ئېتىۋاتقانلىقىدىن كۈلۈشۈپ كېتىپتۇ. ھېلىقى ئالما دەرىخى ئۇنى يەنە گەپكە سېلىپ باقماقچى بولۇپ:

ــ ئۆزۈڭ دەپ باقە، سەن كىم بولىسەن؟ ــ دەپتۇ.

ــ مەن مۇشۇ باغنىڭ خوجايىنى!

ــ پاھ، بۇ باغنى سەن بىنا قىلغانمۇ؟ ــ دەپتۇ ئالما دەرىخى تەنە قىلىپ.

ــ تاپتىڭ، تاپتىڭ!ــ خۇشال بولۇپ ۋارقىرىۋېتىپتۇ پاشا، ــ بۇ دۇنيادا پەقەت مەنلا مۇشۇنداق گۈزەل باغلارنى بىنا قىلالايمەن. دۇنيادا مېنىڭ ئالدىمغا ئۆتىدىغان كۈچتۈڭگۈر يوق! بۇندىن كېيىن ھەممىڭلار مېنىڭ ئەمرىمگە بويسۇنۇڭلار ...

ئۇنىڭ ئاغزى-ئاغزىغا تەگمەي كاپىشىشلىرىدىن بىزار بولغان ئالما دەرەخلىرى:

ــ يوقال، يۈزى قېلىن! ــ دەپ تەڭلا ۋارقىرىغان ئىكەن، ئۇلارنىڭ ئاۋازىدىن پەيدا بولغان شامالنىڭ كۈچى بىلەن پاشا قاڭقىپ بېرىپ، بىر تىكەنگە سانجىلىپ قاپتۇ-دە، «ئۆزۈمنى چاغلىماي شىلتىڭ ئېتىپتىمەن» دەپ بىر ھازاغىچە گىڭىلداپ بېقىپ، ئاخىرى ئاستا پۇت-قوللىرىنى سۇنۇپ، مەڭگۈلۈك ئۇيقۇغا كېتىپتۇ.

## كۆنۈكمە

**1. تۆۋەندىكى سوئاللارغا جاۋاب بېرىڭلار.**



1) پاشا قانداق قىلىپ كاتتا بىر باغقا كېلىپ قالدى؟ ئۇنىڭ ھايات قېلىشىغا نېمە سەۋەب بولدى؟

2) ئالما دەرىخى بىلەن پاشا ئوتتۇرىسىدا قانداق گەپ-سۆزلەر بولدى؟

3) پاشىنىڭ ئاقىۋىتى قانداق بولدى؟ نېمە ئۈچۈن؟

4) بۇ مەسەلدىن نېمىنى چۈشەندىڭلار؟ پاشا قانداق ئادەملەرگە تەمسىل قىلىنغان؟

## 2. ئاستى سىزىلغان سۆزلەرنىڭ ئورنىغا مۇۋاپىق كېلىدىغانلىرىنى تاللاڭلار.

1. مايمۇنچاق ئورماندا مېۋە ئۈزۈپ، زېرىكىپ قاپتۇ.

ئىچى پۇشۇپتۇ    قايغۇرۇپتۇ    ئاچچىقلاپتۇ

2. ئۇ جاي ــ سەھرا پۈرىقى كېلىپ تۇرىدىغان بەك چىرايلىق  جاي ئىكەن.

ساھىل    باغچە    يېزا

3. ئاللاھ بارلىق ئانىلارنىڭ تېنىنى ساغلام، ئۆمرىنى ئۇزۇن قىلسۇن!

كۈچلۈك    سالامەت    گۈزەل

4. قېرىنداشلىرىمىزنى ئۇزۇن ساقلىتىپ قويغىنىمىز ئۈچۈن ئۆزرە سورايمىز.

خىجىل بولىمىز    ئاۋارە قىلدۇق    ئەپۇ سورايمىز

5. ئالمىدەك يۈرەكتە ئالەمچە سۆيگۈ.

كۆيۈنۈش    مېھىر-مۇھەببەت    ئارزۇ

## 3. تۆۋەندىكى سۆزلەردىن پايدىلىنىپ جۈملە تۈزۈڭلار.

ئۈلگە: تىرىشساق چوقۇم ئارزۇ-ئارمانلىرىمىزغا يېتىمىز. شۇڭلاشقا ۋاقىتنى چىڭ ئىگىلىشىمىز كېرەك.

............ شۇڭلاشقا ............

جۈملە: ............

ئۈلگە: بۇ ئىشلار يېرىم يولدا تاشلاپ قويۇلدى، نېمىشقا دېگەندە، بۇ ئىشقا كۆڭۈل بۆلىدىغان كىشىلەر باشقا جايلارغا يۆتكىلىپ كەتتى.

............ نېمىشقا دېگەندە ............

جۈملە: ............

ئۈلگە: ئاۋۋال مەن بىر ھېكايە ئېيتىپ بېرەي، ئاندىن يولغا چىقساقمۇ ئۈلگۈرىمىز.

............ ئاۋۋال ............ ئاندىن ............

جۈملە: ............

4. تۆۋەندىكى جەدۋەلنى تولدۇرۇڭلار.

| يېڭى سۆزلەر | ئېنىقلىمام | لۇغەتتىكى مەنىسى |
|---|---|---|
| زەيكەش | | |
| زەرب | | |
| مىجىقى چىقـ | | |
| قوۋزاق | | |
| كەپلەشـ | | |
| يۈزى قېلىن | | |
| كۆچتۆڭگۈر | | |
| پو ئاتـ | | |
| شىلتىڭ ئاتـ | | |
| مەڭگۈلۈك ئۇيقۇ | | |

5. يۇقىرىدىكى «يېڭى سۆزلەر»نى لۇغەتتىكى مەنىسى بىلەن قوشۇپ، «لۇغىتىم» گە يېزىڭلار.

6. «يېڭى سۆزلەر»نىڭ ھەر بىرسىگە بىردىن جۈملە تۈزۈڭلار.

7. تېكىست ئۈچۈن ئوخشىمايدىغان ئىككى ماۋزۇ يېزىڭلار.

28- دەرس

# ئۇيغۇر تىلى بىلىملىرى: ياردەمچى سۆزلەر

ئـۆز ئالدىغا جۈملە بۆلىكى بولـۇپ كېلەلمەيدىغـان، پەقـەت مۇستەقىل سـۆزلەرگە ياكـى جۈملىلەرگـە قوشۇلۇپ، قوشۇمچە مەنە بىلدۈرىدىغان سۆزلەر «ياردەمچى سۆزلەر» دەپ ئاتىلىدۇ.

ئۇيغۇر تىلىدىكى ياردەمچى سـۆزلەر مەنـە جەھەتتىكى خۇسۇسـىيىتى ۋە گىرامماتىكىلىق رولى بويىچە تىركەلمىلەر، باغلىغۇچىلار ۋە يۈكلىمىلەر دەپ ئۈچ تۈرگە بۆلىنىدۇ.

## (1) تىركەلمىلەر

ئىسـىم ياكـى ئىسـىم رولىدىكـى سـۆزلەرگە قوشـۇلۇپ، شـۇ سـۆزنىڭ جۈملە ياكـى سـۆز بىرىكمىسـىدىكى باشـقا سـۆزلەر بىلـەن بولغـان ھـەر خىـل مۇناسـىۋىتىنى بىلدۈرىدىغـان ياردەمچـى سـۆزلەر «تىركەلمـە» دەپ ئاتىلىدۇ. مەسىلەن:

بالا بىلەن، بالا توغرۇلۇق، بالا ئارقىلىق، بالا ئۈچۈن، بالا ھەققىدە...

## (2) باغلىغۇچىلار

سـۆز بىلـەن سـۆزنى، سـۆز بىرىكمىسـى بىلـەن سـۆز بىرىكمىسـىنى ۋە جۈملە بىلـەن جۈملىنـى بىـر- بىرىگـە باغلاش رولىنى ئوينايدىغان ياردەمچى سۆزلەر «باغلىغۇچى» دەپ ئاتىلىدۇ.

مەسىلەن:

ۋە، ھەم، بىلەن، شۇنداقلا، گاھىدا، كى، شۇڭا، شۇنداقلا، كېيىن، ئەگەر، باشقىچە قىلىپ ئېيتقاندا ...

## (3) يۈكلىمىلەر

سۆزلەرگـە، سـۆز بىرىكمىلىرىگـە ياكـى جۈملىلەرگـە قوشـۇلۇپ، سـوئال، تەكىتلـەش، گۇمـان، يالـۋۇرۇش قاتارلىق قوشۇمچە مەنە بىلدۈرىدىغان ياردەمچى سۆزلەر «يۈكلىمە» دەپ ئاتىلىدۇ. مەسىلەن:

-مۇ، -چۇ، -غۇ، ھەتتا، خۇددى، دېمەك ...

## كۆنۈكمە

**1. تۆۋەندىكى سوئاللارغا جاۋاب بېرىڭلار.**



1) ياردەمچى سۆزلەر دېگەن نېمە؟ ياردەمچى سۆزلەر قانچە تۈرگە بۆلىنىدۇ؟

2) تىركەلمە دېگەن نېمە؟ مىسال كەلتۈرۈڭ.

3) باغلىغۇچى دېگەن نېمە؟ مىسال كەلتۈرۈڭ.

4) يۈكلىمە دېگەن نېمە؟ مىسال كەلتۈرۈڭ.

**2. تۆۋەندىكى بوش ئورۇنلارنى تولدۇرۇڭلار.**

1) ......................نى، ......................نى ۋە ......................نى بىر-بىرىگە باغلاش رولىنى ئوينايدىغان ياردەمچى سۆزلەر «باغلىغۇچى» دەپ ئاتىلىدۇ.

2) ئىسىم ياكى ..........رولىدىكى سۆزلەرگە قوشۇلۇپ، شۇ سۆزنىڭ جۈملە ياكى سۆز بىرىكمىسىدىكى باشقا سۆزلەر بىلەن بولغان ھەر خىل مۇناسىۋىتىنى بىلدۈرىدىغان ياردەمچى سۆزلەر «تىركەلمە» دەپ ئاتىلىدۇ.

3) سۆزلەرگە، سۆز بىرىكمىلىرىگە ياكى جۈملىلەرگە قوشۇلۇپ، سوئال، تەكىتلەش، گۇمان، يالۋۇرۇش قاتارلىق قوشۇمچە مەنە بىلدۈرىدىغان ياردەمچى سۆزلەر «......................» دەپ ئاتىلىدۇ.

**3. تۆۋەندىكى جۈملىلەرنىڭ توغرا – خاتالىقىغا ھۆكۈم قىلىڭلار. توغرا بولسا (ت)، خاتا بولسا (خ) يېزىڭلار.**

1) «چۇ» ـ سۆزلەر بىلەن سۆزلەرنى باغلايدىغان يۈكلىمە. (   )

2) «باشقىچە قىلىپ ئېيتقاندا» دېگەن باغلىغۇچى ئىزاھلىق باغلىغۇچىدۇر. (   )

3) «شۇنداقلا» دېگەن باغلىغۇچى كۈچەيتكۈچى باغلىغۇچىدۇر. (   )

4) «كى» سۆزلەرگە ئەگىشىپ كېلىدىغان باغلىغۇچىدۇر. (   )

**4. تۆۋەندىكى ياردەمچى سۆزلەرنى تىركەلمىلەر، باغلىغۇچىلار، يۈكلىمىلەر بويىچە ئايرىڭلار.**

| | تىركەلمىلەر | باغلىغۇچىلار | يۈكلىمىلەر |
|---|---|---|---|
| ئۈچۈن | | | |
| ئائىت | | | |
| ۋە، ھەم | | | |
| ئەمسە | | | |
| ئىشقىلىپ | | | |
| قارىغاندا | | | |
| بىلەن | | | |
| چۈنكى | | | |
| گوياكى | | | |
| دېمەك | | | |

## مەشىق باغچىسى

**1. بېرىلگەن جۈملىلەرنى كېڭەيتىپ يېزىڭلار.**

1) بىز ھېيتتا ساڭزا سالىمىز.

2) ئۇ ماڭا كۆلۈمسىرەپ قارىدى.

3) ئاسىيەنىڭ ئۆكسى ئوقۇيدۇ.

4) مۇھىم ئىش بارمۇ؟

5) قەشقەرنىڭ ئانىرى داڭلىق.

**2. تۆۋەندىكى سۆزلەرنى مۇۋاپىق كېلىدىغان گۇرۇپپىلارغا يېزىڭلار.**

يەنە، ھەمدە، توغرىلىق، ئارقىلىق، شۇڭا، كېيىن، قىسقىسى، ئەگەر،
جۈملىدىن، كى، -چۇ، -غۇ، ھېلىمۇ، نەتىجىدە، ياكى ... ياكى ...



ياردەمچى سۆز

| تىركەلمە | باغلىغۇچى | يۈكلىمە |
| --- | --- | --- |
| | | |

**3. تۆۋەندىكى باغلىغۇچىلاردىن پايدىلىنىپ جۈملە تۈزۈڭلار.**

ئۈلگە: ئەگەر ئۆيدىن بۇرۇن چىقمىساق، مەكتەپكە كېچىكىپ قالىمىز.

ئەگەر ..............................................

جۈملەم: .................................................................................................................................................

ئۈلگە: مەن پۇتبول ئويناشنى ياخشى كۆرىمەن، شۇنداقلا پۇتبول مۇسابىقىسى كۆرۈشكىمۇ ئامراق.

شۇنداقلا ..............................................

جۈملەم: .................................................................................................................................................

ئۈلگە: سادىر پالۋان شۇنچىلىك قورقماس يىگىت، ھېلىغۇ ئون چېرىك ئىكەن، يۈز چېرىك كەلسىمۇ بۇرۇتى تەۋرەپ قويمايدۇ.

.............................................. ھېلىغۇ .............................................. .

جۈملەم: ..................................................................................................................

### 4. تۆۋەندىكىلەرنىڭ قاپىيەداش سۆزلىرىنى تېپىپ بېقىڭلار.

| ئۆلگە: دەپتەر-كەپتەر | | | |
|---|---|---|---|
| ئەينەك | | غازاڭ | |
| شار | | سان | |
| چامغۇر | | تۆمۈر | |
| بۆرە | | ئورۇق | |

### 5. تېپىڭلارچۇ، ئۇ نېمە؟




گۈلدىن گۈلگە قونىدۇ،
ئۆزى بەكمۇ تۇراقسىز.
گۈلگە ئوخشاش چىرايى بار،
گۈل دەي دېسە پۇراقسىز. (كېپىنەك)

مىدىرلىساڭ مىدىرلايدۇ،
گەر توختىساڭ توختايدۇ.
تۇتۇۋالاي دېسەڭمۇ،
ساڭا تۇتقۇ بەرمەيدۇ. (سايە)

## سەككىزىنچى بۆلەك

# مىللىي كىيىملىك

**دەرسكە تەييارلىق**

- ئەگەر دوستلىرىڭىز بىلەن بىر گۇرۇپپا بولۇپ، ئۇيغۇرلار ئۈچۈن پايدىلىق بىر ئىش قىلماقچى بولسىڭىز، نېمە ئىش قىلىسىز؟
- «كۆپنىڭ كۈچى كۆپ» دېگەن ماقالنى قانداق چۈشىنىسىز؟

## 29- دەرس ئۇيغۇر دوپپىلىرى

(چۈشەندۈرۈش ماقالىسى)

دوپپا — ئۇيغۇرلارنىڭ مىللىيچە باش كىيىمىدۇر. ئۇيغۇر دوپپىلىرى ئەر-ئايال، قېرى-ياش دېگەندەك پەرقلەرگە قاراپ نۇسخا، گۈل چەكمە ۋە رەڭلەردە ئالاھىدە پەرقلىنىدۇ.



ئۇيغۇرلاردا دوپپا تىكىدىغان ئۇستىلارنىڭ كۆپىنچىسى خانىم-قىزلار بولۇپ، ئۇلار ھەقىقىي خەلق سەنئەتكارلىرىدۇر. ئەمگەكچان، ئەقىل-پاراسەتلىك ئۇيغۇر قىز- چوكانلىرىنىڭ ئۇن بارمىقىدا ئۇن خىل ھۈنەر بار دېسەك ئاشۇرۇۋەتكەن بولمايمىز. ئۇلار يىڭنە بىلەن يىپنى قولىغا ئالغاندا، ھەربىر بارمىقىدىن خىلمۇخىل گۈللەر ئۈنۈپ، دوپپا ئۈستىدە چېچەكلەپ ئېچىلىپ، كىشىلەرنىڭ زوق-شوقىنى قوزغايدۇ. ئۇلار بوش ۋاقتى چىقسىلا ئۆزىنىڭ ئەقىل-پاراسىتىگە تايىنىپ، ھەر خىل دوپپىلارنى تىكىش بىلەن مەشغۇل بولىدۇ. بۇ دوپپا نۇسخىلىرىنىڭ كۆپىنچىسى كەڭ تەبىئەتتىن ئۆرنەك ئېلىنغان بولۇپ، مەزمۇنى ئىنتايىن كەڭ، تۈرى خىلمۇخىل. دوپپا گۈللىرىنىڭ نۇسخىلىرى رەڭگارەڭ تەبىئەت دۇنياسىنى مەنبە قىلغان بولۇپ، ئۇيغۇر خانىم-قىزلىرى ئۆزىنىڭ ئېستېتىك قارىشى بويىچە ئۇلارنى پىششىقلاپ، شەكلىنى ئۆزگەرتىپ، قويۇق مىللىي ئالاھىدىلىككە ئىگە كۆپ خىل دوپپا نۇسخىلىرىنى بارلىققا كەلتۈرگەن. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ يۈكسەك ماھارىتى ئارقىلىق كىشىلەرگە يۇقىرى ئېستېتىك زوق ئاتا قىلىدۇ.

ئۇيغۇر دوپپىلىرىدا كۆپرەك كۆرۈلىدىغان نۇسخا گۈللىرىدىن گۈل بەرگى، يوپۇرماق، مېۋە، قۇش، ھاشارەت شەكىللىرى بار. مەسىلەن: شاپتۇل، ئۆرۈك، ئانار، بادام، ئۈزۈم، بۇغداي، پۇرچاق ۋە تۇز، قارلىغاچ، كېپىنەك، ئاي، قارلەيلىسى ... قاتارلىقلار. ئۇنىڭدىن باشقا گېئومېترىيىك شەكىللەرمۇ خېلى كۆپ قوللىنىلىدۇ.

مارجان دوپپا، گىلەم دوپپا، بادام دوپپا، چىمەن دوپپا، مانچەستېر دوپپا قاتارلىق دوپپا تۈرلىرى ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئەنئەنىسىگە ۋە ئۇسلۇبىغا ۋارىسلىق قىلغان بولۇپ، دۇنيا مەدەنىيەت-سەنئەت بېغىدىكى بىر دەستە گۈل دېيىشكە بولىدۇ.

## كۆنۈكمە

### 1. تۆۋەندىكى سوئاللارغا جاۋاب بېرىڭلار.

1) ئۇيغۇر دوپپىلىرىنىڭ تۈرلىرىنى ئېيتىپ بېرەلەمسىز؟

2) ئۇيغۇر دوپپىلىرى قانداق ئالاھىدىلىككە ئىگە؟

3) ئۇيغۇر دوپپىلىرىنىڭ نۇسخىلىرى قايسىلار؟

4) ئۇيغۇرلارنىڭ دوپپىدىن باشقا يەنە قانداق مىللىي كىيىم-كېچەكلىرى بار؟



### 2. تۆۋەندىكى باغلىغۇچىلاردىن پايدىلىنىپ جۈملە تۈزۈڭلار.

1) ئەخمەت بۇنىڭدىن ھەم تەسىرلىنىپتۇ، ھەم خىجالەت بوپتۇ.

... ھەم، ... ھەم ...

................................................................................................

2) بۇ يىل يازلىق تەتىلدە دادام مېنى يا قەشقەرگە، يا غۇلجىغا ئاپىرىپ، ئوينىتىپ كېلىمەن دەيدۇ.

... يا، ... يا ...

..........................................................................................

3) ئۇنىڭ گېپى مەيلى راست، مەيلى يالغان بولسۇن، مېنى سەل ئويلاندۇرۇپ قويدى.

... مەيلى، ... مەيلى ...

..........................................................................................

4) ئۇلار بىر بولسا، شۇبىرغاندىن قورقۇپ يولغا چىقمىدى، بىر بولسا، يولدا ئاۋارىچىلىككە ئۇچرىدى. بولمىسا بۇ ۋاقىتقىچە كېلىپ بولاتتى.

... بىر بولسا، ... بىر بولسا...

..........................................................................................

### 3. تۆۋەندىكى سۆزلەرنى رەتلەپ، راۋان جۈملە تۈزۈپ چىقىڭلار.

1) ۋەتەن / ماقالىنى / توغرۇلۇق / تونۇگۈن / ئوقۇغاندىم / مەن

..........................................................................................

2) چۈش / ئۈجمە / ئاغزىمغا / پىش

..........................................................................................

3) خەتەرلىك / بۇ يەر / ئوينىماڭلار / بۇنداق يەردە

..........................................................................................

4) قوناق تېرىشنى / دەپ كەپتۇ / مايمۇنچاق / ئۆگىنەي / بىر ئېتىزغا

..........................................................................................

4. تۆۋەندىكى جەدۋەلنى تولدۇرۇڭلار.

| يېڭى سۆزلەر | ئىنقلمام | لۇغەتتىكى مەنىسى |
| --- | --- | --- |
| نۇسخا | | |
| گۈل چەكمە | | |
| جۇۋان | | |
| چوكان | | |
| زوق-شوق | | |
| ئېستېتىك | | |
| گېئومېتىرىك | | |
| قولى گۈل | | |
| مانچىستېر | | |
| دەستە | | |

5. يۇقىرىدىكى «يېڭى سۆزلەر»نى لۇغەتتىكى مەنىسى بىلەن قوشۇپ، «لۇغىتىم»گە يېزىڭلار.

6. «يېڭى سۆزلەر»نىڭ ھەر بىرسىگە بىردىن جۈملە تۈزۈڭلار.

7. تېكىست ئۈچۈن پەرقلىق ئىككى ماۋزۇ يېزىڭلار.

## 30- دەرس

# ئانا تىلىم

پروف. دr. سۇلتان مەخمۇت قەشقىرى

(شېئىر)



ئانا تىلىم ــ ئىپتىخارىم،
سەن ئاۋازىم، بايرىقىم.
سەن قۇدرىتىم، قورالىم،
سەن تۈگىمەس بايلىقىم.

سېنى مېنىڭ يىتتۈرگىنىم،
تىرىك تۇرۇپ ئۆلگەنلىكىم.
ۋىجدانىمنى خازان قىلىپ،
سېنى گۆرگە كۆمگەنلىكىم.

سېنى بىزدىن ئايرىش ئۈچۈن،
كۈچى يەتمەس ياۋنىڭ پەقەت!
سەن ياشايسەن جەۋلان قىلىپ،
ئەۋلاد ئارا مەڭگۈ ئەبەد!

## كۆنۈكمە

**1. سوئاللارغا جاۋاب بېرىڭلار.**



1) شائىر ئانا تىلىمىزنى قانداق تەرىپلىگەن؟

2) شائىر ئانا تىلنى يىتتۈرۈپ قويۇشنى نېمە بىلەن تەڭ دەپ قارايدۇ؟

3) شېئىرنىڭ مەركىزىي ئىدىيەسى نېمە؟

4) نېمە ئۈچۈن ئانا تىلىمىزنى قوغدىشىمىز لازىم؟

**2. تۆۋەندىكىلەرنىڭ قارشى مەنىلىك سۆزلىرىنى يېزىڭلار.**

| | |
|---|---|
| جىمجىت | |
| ئاچ | |
| تۆۋەن | |
| يالغان | |
| قوپال | |
| ھايات | |
| ئىلگىرىلەش | |
| ئىسسىق | |
| دوست | |

**3. تۆۋەندىكى سۆزلەرنى رەتلەپ، راۋان جۈملىگە ئايلاندۇرۇڭلار ھەمدە تىنىش بەلگىلىرىنى توغرا قويۇڭلار.**

1) ئۆگزىدە / ئېيتىپتۇ / خوراز / ھالدا / خۇشال / ناخشا

..............................................................................................................

2) ئايان / بەش / ھەممە / ماڭا / قولدەك

..............................................................................................................

3) گەپلىرىنى / كۆرەڭلەپ كېتىپتۇ / ئاڭلاپ / تۈلكىنىڭ / قاغا

..............................................................................................................

4) يارىشىدىغان / ئادەمگە / كىيىم / ئەدەپ ـ ئەخلاق / ئەڭ گۈزەل

..............................................................................................................

4. تۆۋەندكى جەدۋەلنى تولدۇرۇڭلار.

| يېڭى سۆزلرم | ئېنقلمام | لۇغەتتكى مەنسى |
|---|---|---|
| ئېپتخار | | |
| قۇدرەت | | |
| ۋجدان | | |
| گۆر | | |
| بايلق | | |
| ياۋ | | |
| يېتتۈر- | | |
| خازان قل- | | |
| كۆم- | | |
| كۈچى يەت- | | |

5. يۇقرىدكى «يېڭى سۆزلرم»نى لۇغەتتكى مەنسى بلەن قوشۇپ، «لۇغتم»گە يېزڭلار.

6. «يېڭى سۆزلرم»نڭ هەر برسگە بردن جۈملە تۈزۈڭلار.

## بلۋالاي



پروف. در. سۇلتان مەخمۇت قەشقەرى (1936- ) تۈركولوگىيە ساهەسدە يېتشكەن تەتققاتچى ۋە شائر. ئۇ شەرقي تۈركستاندا ۋە 1981- يلدن كېين تۈركىيەدە مۇشۇ ساهە بويچە نۇرغۇن تەتققاتلارنى قلغان؛ تەتققاتچلارنى يېتشتۈرگەن؛ 350 پارچدن ئارتۇق ماقالسى، 18 پارچە كتابى نەشر قلنغان. ئۇ ئۇيغۇرلارنڭ مەسلىلرنى نۇرغۇن خەلقئارالق يغنلاردا، ئلمي تەتققات سۆپتدە ئوتتورىغا قويۇپ، هەل قلش يوللرى ئۈستدە ئزدەنگەن. شەرقي تۈركستاندن ئوقۇغۇچلارنڭ چەت ئەللەرگە چقشى ۋە ئۆرلەپ ئوقۇشى ئۈچۈن ماددي ۋە مەنۋى جەهەتتن كۆپ تۆهپە قوشقان.

## 31- دەرس

# ئۇيغۇر بىناكارلىقى

ئىلشات تۇرسۇن

(چۈشەندۈرۈش ماقالىسى)

ئۇيغۇر بىناكارلىق سەنئىتى پۈتكۈل ئۇيغۇر مەدەنىيەت سىستېمىسىنىڭ مۇھىم تەركىبى قىسمى بولۇپ، ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكلەرنى نامايان قىلىدۇ.

تارىختىن بۇيان ئۇيغۇرلار ئۆز ئەتراپىدىكى قوۋم-مىللەتلەرگە قارىغاندا، كۆچمەنلىك ھاياتتىن مۇقىم ئولتۇراقلىششقا بالدۇر يۈزلىنىپ، بوستانلىق مەدەنىيىتىنىڭ تۆھپىكارلىرىغا ئايلانغان. ئۇيغۇرلار تۈرك خەلقلىرى ئىچىدە ئەڭ بۇرۇن شەھەرلەشكەن خەلق بولۇش سۈپىتى بىلەن بىناكارلىق جەھەتتە ئۆزىگە خاس ئۇسلۇب ياراتقان.

ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئەنئەنىۋى بىناكارلىقى ئۆزىگە خاس مىللىي ئالاھىدىلىككە ۋە يەرلىك خۇسۇسىيەتلەرگە ئىگە بولۇپ، ھەر قايسى جايلارنىڭ يەر شەكلى، ھاۋا كىلىماتى ۋە تۇرمۇش ئۆرپ-ئادەتلىرىنىڭ ئوخشىماسلىقى سەۋەبىدىن، سېلىنغان ئۆي -ئىمارەتلەر مەزمۇن ۋە شەكىل جەھەتتىن ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكلەرنى گەۋدىلەندۈرىدۇ.



ۋەتىنىمىزنىڭ ئۈرۈمچى شەھىرىدىكى «خانتەڭرى» جامەسى، «ئۇيغۇر شىپاخانىسى» بىناسى، «خەلق تىياترخانىسى» ۋە قەشقەردىكى «ھېيتگاھ» جامەسى قاتارلىق قۇرۇلۇشلار ئۇيغۇر بىناكارلىقى ئۇسلۇبى بويىچە بەرپا قىلىنغان ۋەكىللىك قۇرۇلۇشلاردىن ھېسابلىنىدۇ.

## كۆنۈكمە

**1. تۆۋەندىكى سوئاللارغا جاۋاب بېرىڭلار.**

1) تۈرك خەلقلىرى ئىچىدە ئەڭ بۇرۇن شەھەرلەشكەن خەلق كىم؟

2) ئۇيغۇر بىناكارلىقى قانداق ئالاھىدىلىككە ئىگە؟

3) تېكستتە ئۇيغۇر بىناكارلىقى ئۇسلۇبىدا سېلىنغان قايسى بىنالار نەمۇنە سۈپىتىدە كۆرسىتىلگەن؟

4) سىز بولسىڭىز قايسى ئۇسلۇبتا بىنا سالاتتىڭىز؟ نېمە ئۈچۈن؟



**2. تۆۋەندىكى سۆزلەردىن پايدىلىنىپ، ماقال-تەمسىللەرنى تولۇقلاڭلار.**

**قارىسى، تاش، باشتا، سامانلىقتىچە، ئالەم**

- بىلىم ئالمىغان ياش، تام تۈۋىدىكى ..........
- يامانغا يولۇقساڭ يارىسى، قازانغا يولۇقساڭ ..........
- ئالىم بولساڭ، .......... سىڭدۈرگى.
- ئەقىل ياشتا ئەمەس، ..........
- موزاينىڭ يۈگۈرۈشى ..........

**3. تۆۋەندىكى باغلىغۇچىلاردىن پايدىلىنىپ جۈملە تۈزۈڭلار.**

بىر تەرەپتىن .......... يەنە بىر تەرەپتىن ..........

ئۈلگە: مەن بىر تەرەپتىن تاپشۇرۇق ئىشلىگەچ، يەنە بىر تەرەپتىن سىڭلىمنىڭ تاپشۇرۇقىغا يېتەكچىلىك قىلدىم.

جۈملە: ..........

قەدەر ..........

ئۈلگە: مەن ئاخىرقى نەپەسىم توختىغانغا قەدەر ۋەتىنىم ئۈچۈن ياشايمەن!

جۈملە:

................ خۇددى ................ دەك ................

ئۈلگە: ئانامنىڭ ماڭا قىلغان نەسىھەتلىرى خۇددى مۆھۈردەك قەلبىمنىڭ چوڭقۇر قاتلىرىغا ئورناپ كەتكەندى.

جۈملە:

4. تۆۋەندىكى جەدۋەلنى تولدۇرۇڭلار.

| يېڭى سۆزلىرىم | ئېنىقلىمام | لۇغەتتىكى مەنىسى |
|---|---|---|
| بىناكارلىق | | |
| قوۋۇم | | |
| كۆچمەن | | |
| بوستانلىق | | |
| تۈرك خەلقلىرى | | |
| بىناكار | | |
| ئۇسلۇب | | |
| ھەيۋەتلىك | | |
| ئۆرپ-ئادەت | | |
| شىپاخانا | | |

5. يۇقىرىدىكى «يېڭى سۆزلىرىم»نى لۇغەتتىكى مەنىسى بىلەن قوشۇپ، «لۇغىتىم»گە يېزىڭلار.

6. «يېڭى سۆزلىرىم»نىڭ ھەر بىرسىگە بىردىن جۈملە تۈزۈڭلار.

## 32- دەرس

# ئۇيغۇر تىلى بىلىملىرى: ئىملىق سۆزلەر

ھېس-تۇيغۇ، چاقىرىق، بۇيرۇق، جاۋاب قاتارلىقلارغا ئىما (ئىشارەت) بولۇپ كېلىدىغان سۆزلەر «ئىملىق سۆز» دېيىلىدۇ. مەسىلەن: پا، پاھ، ئاھ

ئىملىق سۆزلەر ھېس-تۇيغۇ، چاقىرىق، بۇيرۇق، جاۋاب قاتارلىقلارنى كونكرېت ئاتاپ ئىپادىلىمەي، ئۇلارغا ئىما بولۇپلا كېلىدىغانلىقى ئۈچۈن، ھېس-تۇيغۇنى بىلدۈرىدىغان ئىملىقلار مەنە جەھەتتىن ناھايىتى ئابستراكت بولىدۇ. شۇڭا ئۇلار بەزى تىل شارائىتلىرىدا كونكرېت ئېيتىلمىغان مەزمۇنلارغىمۇ ۋەكىللىك قىلالايدۇ.

مەسىلەن:

ئۇف! ھېرىپ ھالىم قالمىدى.

ئۇف! ھەجەپمۇ گېپىڭ جىقكەن.

ئۇف! ئاخىرى يېتىپ كەلدۇق.

ئىملىق سۆزلەر ھېس-تۇيغۇ ئىملىقلىرى، جاۋاب ئىملىقلىرى، بۇيرۇق-چاقىرىق ئىملىقلىرى قاتارلىق تۈرلەرگە بۆلۈنىدۇ.

ھېس-تۇيغۇ ئىملىقلىرى: ۋىيەي، پاھ، ئاھ، ياﺋاللاھ، ۋاي خۇدايىمەي ...

جاۋاب ئىملىقلىرى: ھەئە، ياق، ھە، لەببەي، خوش، خوپ

بۇيرۇق-چاقىرىق ئىملىقلىرى:

مە ــ ئېلىشقا ئۈندەش

بەس ــ سۆزدىن توختاشقا ئۈندەش ...

تش ــ جىم بولۇشقا ئۈندەش ...

...چۇھ ــ ئات-ئېشەكلەرنى مېڭىشقا ئۈندەش.

تاخ ــ توخۇنى قوغلاش ...

پەش ــ مۈشۈكنى قوغلاش ...

... ھەي (ھوي) ــ ئادەمنى چاقىرىشتا قوللىنىلىدۇ.

# كۆنۈكمە

**1. تۆۋەندىكى سوئاللارغا جاۋاب بېرىڭلار.**



1) ئىملىق سۆز دېگەن نېمە؟ مىسال كەلتۈرۈڭ.

2) ئىملىق سۆزلەر قانچە  تۈرگە بۆلۈنىدۇ؟

3) ھېس ـ تۇيغۇ ئىملىقلىرى قايسىلار؟

4) بۇيرۇق ئىملىقلىرى قايسىلار؟

**2. تۆۋەندىكى ئىملىق سۆزلەرنى  ئۇيغۇن كەلگەنلىرى بىلەن تۇتاشتۇرۇڭلار.**



| | |
|---|---|
| پەش | ئات ـ ئىشەك |
| تاخ | ئادەم |
| ھوي | مۈشۈك |
| چۇھ | توخۇ |

**تۆۋەندىكى بوش ئورۇنلارنى تولدۇرۇڭلار.**

جاۋاب    بۇيرۇق-چاقىرىق    ھېس – تۇيغۇ    ۋەكىللىك

1) ئىملىق سۆزلەر بەزى تىل شارائىتلىرىدا كونكرېت ئېيتىلمىغان مەزمۇنلارغىمۇ .................. .................. قىلالايدۇ.

2) «ۋاي خۇدايىمەي!» دېگەن ئىملىق سۆز .................................. ئىملىقلىرىغا تەۋە.

3) «تىش» دېگەن ئىملىق سۆز .................................. ئىملىقلىرىغا تەۋە.

4) «خوپ، كوماندىر!» دېگەن جۈملىدىكى «خوپ» دېگەن سۆز .................................. ئىملىقلىرىغا تەۋە.

**4. ئوڭ تەرەپتە بېرىلگەن ئىملىق سۆزلەرنى، ماس كەلگەن گۇرۇپپىلارنىڭ ئاستىغا يېزىڭلار.**

| | ھېس – تۇيغۇ ئىملىقلىرى | جاۋاب ئىملىقلىرى | بۇيرۇق-چاقىرىق ئىملىقلىرى |
|---|---|---|---|
| بارىكاللا | | | |
| ۋىيەي | | | |
| لەببەي | | | |
| تاخ، چۇھ | | | |
| ۋايجان | | | |
| خەپ | | | |
| ئېست | | | |
| ئوھوي | | | |
| بەس | | | |
| ئەستا | | | |
| ئېھ | | | |
| خوپ | | | |

## مەشىق باغچىسى

**1. تۆۋەندىكى ئاستى سىزىلغان سۆزلەرگە جۈملە تۈزۈڭلار.**

1) ئابدۇخالىق ئۇيغۇر ئۆز خەلقى ئۈچۈن ھاياتىنى بېغىشلىدى.

2) ساۋاقدىشىمىز ئەخمەتكە ياردەم بېرىش ھەققىدە سىنىپ بويىچە يىغىن ئېچىلدۇ.

3) كۆپچىلىك ساۋاقداشلارنىڭ تەلىپىگە ئاساسەن، ئەتە ئارغامچا تارتىشىش مۇسابىقىسى ئۆتكۈزىمىز.

4) تەتلدە دەرستىن سرتقى كتابلارنى ئوقۇغاندىن باشقا، داۋاملىق بەدەن چېنىقتۇرىمەن.

## 2. رەسىمدىكى كۆكتاتلارنىڭ ئۇيغۇرچە نامىنى يېزىڭلار.

| | | | |
|---|---|---|---|
|  |  |  |  |
| | | | |
|  |  |  |  |
| | | | |

## 3. تۆۋەندىكى پارچىنى دەپتىرىڭلارغا كۆچۈرۈپ يېزىڭلار. مۇۋاپىق تىنىش بەلگىلىرىنى قويۇشنى ئۇنتۇماڭلار.



قۇشلار بىزنىڭ دوستىمىز كۈننىڭ نۇرى بارغانسېرى قىزىتماقتا دەل-دەرەخلەر كۆكىرىشكە باشلىدى قارىغوجا بۇلبۇل ۋە باشقا قۇشلار بىزگە مېھمان بولۇپ كەلدى ئۇلار يەر شارى ئۈچۈن ناھايىتى پايدىلىق.

ئۇلار زىرائەتلەرگە، مېۋىلەرگە ۋە كۆكتاتلارغا زىيان يەتكۈزىدىغان ھاشارەتلەرنى يوقىتىدۇ قۇشلارغا زىيان يەتكۈزمەيلى ئۇلار ئۆزلىرىگە ئۇۋا ياساۋاتىدۇ قۇشلارغا تاختايدىن ۋە قاپاقلاردىن ئۇۋا ياساپ بېرەيلى چۈنكى قۇشلار بىزنىڭ دوستىمىز.

## 4. تۆۋەندىكى سۆز ئويۇنىنى گۇرۇپپىلارغا بۆلۈنۈپ ئويناڭلار.

— سالما دېگىنە؟
— سالما.
— خەقنىڭكىنى سورىماي ئالما.

— ئالما دېگىنە؟— ئالما.
— مەكتەپكە كېچىكىپ قالما.

— سۆزلە دېگىنە؟— سۆزلە.
— ئەلاچى بولۇشنى كۆزلە.

— باغلام دېگىنە؟
—باغلام.
— بولغىن ھەمىشە ساغلام.

— يارا دېگىنە؟— يارا.
— كىتابىڭغا ئوبدان قارا.

— خامان دېگىنە؟ — خامان.
— ھۇرۇنلۇق ھەممىدىن يامان.



— كۆل دېگىنە؟
— كۆل.
— ئوقۇشتا كۆڭۈل بۆل.

— يوگەن دېگىنە؟— يوگەن.
— بىلمىگەننى سوراپ ئۆگەن.

— قول دېگىنە؟
— قول.
— پاكىز، رەتلىك بول.

— ئەلگەك دېگىنە؟
— ئەلگەك.
— دائىم قىلىپ تۆر ئەمگەك.




## 5. تېپىشلارچۇ، ئۇ نېمە؟

يازنىڭ كۈنى ئولتۇرسىڭىز،
تەنگە راھەت سالقىنى بار.
قىشنىڭ كۈنى جۈت-سوغۇقنى،
قوغلايدىغان يالقۇنى بار؟

يالت-يۇلت كېلىدۇ،
يالماپ-يالماپ يۇتىدۇ؟

# لۇغەت

(ئىزاھات: ئى.: ئىسىم، پ.: پېئىل، سۈپ.: سۈپەت، رەۋ.: رەۋىش، ئىم.: ئىملىق سۆز)

## ئا

ئابىدە: (ئى.) خاتىرە تاش

ئادىل: (ئى.) ھەققانىي، خالىس ۋە توغرا ئىش تۇتۇش

ئاستىرونومىيە: (ئى.) ئاسمان جىسىملىرىنى تەتقىق قىلىدىغان پەن

ئاقىيول : (ئى.) تىنچ-ئامان، ئوڭۇشلۇق سەپەر ئۈچۈن تىلەنگەن تىلەك

ئالىم: (ئى.) پەننىڭ بىرەر ساھەسى بويىچە مەخسۇس يۇقىرى بىلىمگە ئىگە بولغان كىشى

ئامبار: (ئى.) نەرسە-كېرەكلەرنى ساقلىغىلى بولىدىغان ئۆي، ئىسكىلات

ئاھاڭ: (ئى.) بىر-بىرىگە ئۇلانغان، ئۇيغۇنلاشقان تاۋۇشلار ئېقىمى

ئاۋاق: (سۈپ.) ياداڭغۇ، ۋىجىك، ئورۇق

ئاۋام: (ئى.) ئاددىي خەلق، ئامما، پۇقرا

ئايغىر: (ئى.) ئەركەك ئات

## ئە

ئەجداد: (ئى.) بۇرۇن ئۆتكەن نەسىل-نەسەب، ئاتا-بوۋىلار

ئەركىنلىك: (ئى.) ھۆرلۈك

ئەزىمەت: (ئى.) مەرد، باتۇر، پالۋان، قەيسەر

ئەستاغپۇرۇللا: (ئىم.) ئەجەبلىنىش، ھەيران قېلىش تۇيغۇسىنى بىلدۈرىدىغان سۆز

ئەسكەر: (ئى.) ھەربىي خىزمەت ئۆتەۋاتقان كىشى، ھەربىي قوشۇن ئىچىدىكى ئەڭ تۆۋەن دەرىجىلىك جەڭچى

ئەنئەنە: (ئى.) ئەۋلادتىن ئەۋلادقا داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىككە ئىگە بىر خىل كوللېكتىپ ئادەت

ئەندىشە: (ئى.) غەم، تەشۋىش، خاتىرجەمسىزلىك

## ب

بارىكاللا: (ئىم.) بىرەر سۆز ياكى ئىش-ھەرىكەتنىڭ كۆڭۈلدىكىدەك قىلىنغانلىقىغا،

بىجىرلىگەنلىككە قارىتا قايىللىق بىلدۈ-رۈش ئۈچۈن ياكى رەھمەت ئېيتىش ئۈچۈن سۆزلىنىدىغان سۆز

**باغرى يۇمشاق:** (سۈپ.) كۆڭلى يۇمشاق، ئاقكۆڭۈل، رەھىمدىل

**بالا-قازا:** ئى. ئۆلۈم ۋە مۇسىبەت ئېلىپ كېلىدىغان تۈرلۈك ئىشلار

**بايلىق:** (ئى.) قىممىتى بار ماددىي نەرسىلەر؛ پۇل-پۇچەك، مال-مۈلۈك

**بەخۇدۇك:** (رەۋ.) غەم-ئەندىششىسىز، خاتىرجەم، بىمالال

**بەندە:** (ئى.) ئادەم، كىشى

**بوزەك بول-:** باشقىلارنىڭ خورلىشىغا ياكى كەمسىتىشىگە ئۇچرىماق

**بوستانلىق:** (ئى.) باغۇبوستانلار بىلەن قاپلانغان ئاۋات يەر

**بويسۇندۇرۇش:** (ئى.) بۇيرۇق بېرەلەيدىغان ئەھۋالغا ئەكىلىش، تىز پۈكتۈرۈش

**بۇژغۇن:** (ئى.) سۇنىڭ دولقۇنلىنىشىدىن ھاسىل بولغان ئاق كۆپۈك

**بۇيۇك:** (سۈپ.) ئۇلۇغ، كاتتا، زور

**بېزەلگەن:** (سۈپ.) ئۈستىگە نەقىش ئىشلەنگەن، زىننەتلەنگەن

**بىلجان:** (ئى.) كىچىك بىلىق، بىلىق بالىسى

**بىباھا:** (سۈپ.) باھاسىز، قىممەتلىك

**بىناكار:** (ئى.) بىنا ياكى ئۆي-ئىمارەت سالغۇچى، قۇرۇلۇش ئۇستىسى

**بىناكارلىق:** (ئى.) بىنا ياكى ئۆي-ئىمارەت سېلىش ئىشى

## پ

**پاراشوت:** (ئى.) ئايروپىلاندىن ياكى بەلگىلىك ئېگىزلىكتىن پەسكە سەكرەشتە قوللىنى-لىدىغان ئەسۋاب

**پارغا ئايلان-:** سۇنىڭ گاز ھالىتىگە ئايلىنىش جەريانى

**پارقىرا-:** (پ.) نەرسىلەرنىڭ ھەر خىل پارقىراش ھالىتى

**پەرۋاز قىل-:** قانات كېرىپ ئاسمانغا كۆتۈرۈلۈش؛ ئۇچۇش

**پو ئات-:** چوڭ گەپ قىلماق، يوغان سۆزلىمەك

**پوستتا تۇر-:** كۆزەتچىلىك قىلماق، نۆۋەتچىلىك قىلماق

**پېقىر:** (ئى.) كەمبەغەل، يوقسۇل، نامرات

## ت

**تاجۇ-تەخت:** (ئى.) پادىشاھ، خان ۋە دۆلەت باشلىقلىرىنىڭ ئولتۇرۇشى ئۈچۈن مەخسۇس ياسالغان، ئالاھىدە بېزەلگەن ھەشەمەتلىك ئورۇن، خانلىق كۇرسى

تـاڭ شـاملى: (ئـى.) تـاڭ مەزگىلـدە چىقىدىغان شامال، سەھەردە چىقىدىغان شامال

تالانت: (ئى.) قابىلىيەت، ئىقتىدار

تايىنى يوق: (سۈپ.) ئىشقا كارغا كەلمەيدىغان، كۆزگە ئىلىنمايدىغان، تۇتامغا چىقمايدىغان، چاغلىق

تەزىم قىل-: (پېئىل) باشنى ئېگىپ، قولنى كۆكسىگە قويۇپ، سالام بەرمەك

تەشمە: (پ.) كارىز قۇدۇقلىرىنى يەر ئاستىدىن تۇتاشتۇرۇش ئۈچۈن چېپىلغان ئېرىق

تەقسىر: (ئى.) «جانابلىرى، ئۇزلىرى، ئەپەندىم» قاتارلىق مەنىلەردىكى ھۆرمەت سۆزى

تەقسىملە-: (پ.) ئۈلۈشتۈرمەك، بۆلمەك

تورغاي: (ئـى.) قاناتلىرى سۇس قوڭـۇر، قارا رەڭلىك سىزىقچىلىرى بار، تۇمشۇقى كىچىك ۋە ئۈچلۇق، قانىتى چوڭ، ئېگىز ئۇچىدىغان، يېقىملىق سايرايدىغان بىر خىل قۇش

توسالغۇ: (ئـى.) دەخلى-تـەرۇز، پۇتلىكاشاڭ، توسقۇنلۇق

تومۇز: (ئى.) بىر يىل ئىچىدىكى ئەڭ ئىسسىق بولىدىغان مەزگىل

تۇغ: (ئى.) بايراق، ئەلەم

تۈكلۈكگەن: (سۈپ.) مەنبەسىدىن ئايرىلىپ يەرگە چۈشكەن

تۆھپە: (ئـى.) ۋەتـەن ۋە خەلـق ئۈچـۈن كـۆر-سـەتكەن، ماختاشـقا لايـىق، پەخىرلىنەرلىك ئىش؛ سىڭدۈرگەن ئەجىر، خىزمەت ۋە شۇ خىزمەتتە كۆرۈلگەن نەتىجە

تۈرك: (ئى.) مۇشۇ نام بىلەن ئاتالغان مىللەت ۋە بۇ مىللەتكە مەنسۇپ كىشىلەر

تۈگەنچە: (ئى.) تۈگەيدىغان، ئاخىرلىشىدىغان جاي، ئاخىرى

تېررىتورىيە: (ئـى.) بىر دۆلەتنىڭ ئىگىلىك ھوقۇقى تەۋەلىكىدىكى رايونلار. ئۇ قۇرۇقلۇق، سۇ ۋە ھاۋا تەۋەلىكىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

تىلسىم: (ئى.) سىرى ئېچىلمىغان، سېھىرلەنگەن نەرسە ۋە شۇنداق جاي

تىلغا-: (پ.) يەرنى چاناپ ياكى ھەيدەپ يۇمشاتماق، بىر نەرسىنى كېسىپ قوچىماق

تىلما: (ئى.) كارىز قۇدۇقلىرىنى تۇتاشتۇرۇش ئارقىلىق باشلاپ كېلىنگەن يەر ئاستى سۈيىنى يەر ئۈستىگە چىقىرىدىغان ئېرىق

ج

جاڭگال: (ئـى.) تېرىلمايدىغان سازلىق ياكى چاتقاللىق، ھايۋانلار يۈرىدىغان ياۋا ئورمانلىق ياكى پادىلار ئوتلايدىغان كەڭ يايلاق

جان-جانىۋار: (ئى.) چوڭ-كىچىك بارلىق جانلىقلار

جەلپكار: (سۈپ.) كىشىنىڭ مەيلىنى تارتىدىغان، كىشىنىڭ ھەۋىسىنى قوزغايدىغان

**جەۋھەر:** (ئى.) قىممەت باھالىق تاشلارنىڭ ئومۇمىي نامى؛ بىر نەرسىنىڭ ئەڭ ئېسىل، سۈپەتلىك يېرى، يادروسى

**جور بول-:** ھەمراھ بولماق

**جۇۋا:** (ئى.) تېرىدىن تىكىلىدىغان قىشلىق كىيىم

**جۇۋان:** (ئى.) توي قىلغان ياش ئايال، چوكان

## چ

**چاپان:** (ئى.) كۆڭلەك ياكى مايكىنىڭ ئۈستىگە كىيىدىغان سىرتقى كىيىملەرنىڭ ئومۇمىي نامى

**چەكمە:** (ئى.) رەخت ئۈستىگە چىكىلگەن گۈل ياكى نۇسخا ، كەشتە

**چوكان:** (ئى.) ياتلىق قىلىنغان ئايال، جۇۋان

**چولپان:** (ئى.) 1) تەنتەربىيە ياكى ئەدەبىيات-سەنئەت ساھەسىدە، ئالاھىدە ماھارەت كۆرسىتىش ئارقىلىق داڭ چىقارغان شەخس؛ 2) نۇرلۇق يۇلتۇز

**چىرايى ئۆڭ-:** ئاچچىقلىنىش، چىرايى تاتىرىپ كەتمەك

**چىرىندى:** (ئى.) ئوت-چۆپ، شاخ-شۇمبا قاتارلىقلارنىڭ چىرىگىنى

**چىلگە:** (ئى.) 1) قوغۇننىڭ ئەڭ بالدۇر پىشىدىغان بىر تۈرى 2) بالدۇر پىشىدىغان زىرائەتلەرگىمۇ ئىشلىتىلىدۇ. مەسىلەن، چىلگە قوناق. 2- مەنىسى ئەسلى 1- مەنىسىدىن كەلگەن

## خ

**خادانى:** (ئى.) نىسبەتەن زىچ توقۇلغان پاختا رەخت

**خارابىلىك:** (ئى.) ۋەيران بولغان يەر، خارابە ئىزلىرى بار جاي

**خازان قىل-:** خاراپ قىلماق، ۋەيران قىلماق، تۆگەشتۈرمەك

**خاقان:** (ئى.) ئوتتۇرا ئەسىر تۈركىي خەلقلىرىدىكى بۈيۈك دۆلەت باشلىقلىرىنىڭ ئۇنۋانى ۋە شۇ ئۇنۋاننى ئالغان ئەڭ يۇقىرى ھوقۇققا ئىگە شەخس؛ ئۇلۇغ خان

**خەتەر:** (ئى.) بىرەر بەختسىزلىككە، پالاكەتكە ئېلىپ كېلىشى مۇمكىن بولغان شارائىت؛ خەتەرلىك ئەھۋال، مۇشكۈلات، خەۋپ

**خەزىنە:** (ئى.) 1) ئالتۇن-كۈمۈش، مال-دۇنيا، پۇل-بايلىق توپلانغان جاي؛ 2) قىممەتلىك مەنىۋى بايلىقلارنىڭ جۇغلانمىسى؛ مەسىلەن: مۇقام خەزىنىسى

**خەيرىيە:** (ئى.) ساۋابلىق ئىش، خەير-ساخاۋەت، خەير-ئېھسان

**خويمۇ:** (رەۋ.) بەكمۇ، تولىمۇ، ئەجەپمۇ

خجالەت: (پ.) خجىل بولۇش، ئۇياتسىزلىنىش ھالىتى

## د

دوپپا: (ئى.) ئەر-ئاياللارنىڭ گۈللۈك (كەشتىلىك) باش كىيىمى

ئالدىغان ئەڭ يۇقىرى ئىلمىي ئۇنۋان

دوختۇر: (ئى.) كېسەللەرنى داۋالايدىغان كىشى؛ تېۋىپ

دىل: (ئى.) كۆڭۈل، نىيەت

دوكتور: (ئى.) مەكتەپتە ئوقۇش ئارقىلىق

ديار: (ئى.) زېمىن، ۋەتەن

## ر

رامكا: (ئى.) رەسىم ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش نەرسىلەرنى ئىچىگە ئېلىپ قويىدىغان تۆت بۇرجەكلىك جازا

رەستە: (ئى.) شەھەر ياكى بازارنىڭ ئاۋات كوچىسى

راھەتبەخش: (سۈپ.) ئارامبەخش، راھەت بېغىشلايدىغان، ھوزۇر بەرگۈچى

رەڭدار: (سۈپ.) ھەرخىل رەڭلىك، رەڭگارەڭ

## ز

زالىم: (ئى.) كىشىلەرگە جەبىر-زۇلۇم سالىدىغان، كىشىلەرنى ئېزىدىغان، رەھىمسىز شەخس

زەيكەش: (ئى.) زەي ۋە نەم ئۆرلەپ تۇرىدىغان

زەرب: (سۈپ.) ئۇرۇش، سوقۇش ، زەربە

زوق-شوق : (سۈپ.) قىزغىن، خۇش كەيپىيات

## س

ساپما كەش: (ئى.) كىيىشكە ۋە چىقىرىشقا قولاي ئاياق

ساھىبجامال: (سۈپ.) گۈزەل ھۆسن-جامالغا ئىگە، چىرايلىق، ئاي يۈزلۈك

ساراي: (ئى.) پادىشاھ ۋە ئۇلارنىڭ ئائىلە-جەمەتى تۇرىدىغان ھەشەمەتلىك ئوردا

سەلتەنەت: (ئى.) خان، ئەمىر، پادىشاھلار يۈرگۈزىدىغان ھاكىمىيەت

**سەھنە:** (ئى.) ئارتىسلار ئويۇن قويىدىغان، نۇتۇق سۆزلىگۈچىلەر كۆپچىلىككە خىتاب قىلىدىغان ئالاھىدە مەيدان

**سورۇن:** (ئى.) كىشىلەر توپلىنىپ بىرەر ئىش – پائالىيەت قىلىدىغان ئورۇن، جاي

**سۆزمەن:** (سۈپ.) ناتىق، سۆزگە ئۇستا، گەپدان

**سۆيۈملۈك:** (سۈپ.) كىشى ياخشى كۆرىدىغان، ئىززەت-ھۆرمەتكە لايىق، قەدىرلىك، ئەزىز

**سۈرگۈن:** (ئى.) بۇرۇنقى چاغلاردا سوت ئورۇنلىرىنىڭ ھۆكۈمى بىلەن جىنايەتچىنى جازالاپ يىراق يەرلەرگە پالاش

**سېھىرلىك:** (سۈپ.) سېھىرى كۈچكە ئىگە، سېھىرلەيدىغان، مەپتۇن قىلىدىغان

**سىستېمىلىق:** (سۈپ.) مۇئەييەن سىستېمىغا ئاساسلانغان، تەرتىپلىك، قانۇنىيەتلىك

## ش

**شاپاق:** (ئى.) قوغۇن، تاۋۇز قاتارلىقلارنىڭ پوستى

**شادلىق:** (سۈپ.) خۇشاللىق، مەمنۇنلۇق، خۇرسەنلىك، سۆيۈنۈش، خۇش بولۇش

**شادىيانە:** (سۈپ.) تەنتەنىلىك ھالدا؛ خۇشال-خۇراملىق بىلەن

**شاۋقۇن:** (ئى.) تۈرلۈك نەرسىلەردىن چىققان ياكى تۈرلۈك سەۋەبلەر بىلەن پەيدا بولۇپ ئۆزئارا قوشۇلۇپ كەتكەن كۈچلۈك ئاۋاز

**شوينا:** (ئى.) يۇڭ ياكى پاختىدىن ئېشىلگەن يىپ

**شۆھرەت:** (ئى.) ياخشىلىق بىلەن خەلقنىڭ ئىچىدە ئېرىشلگەن نام-ئابروي، ئىناۋەت؛ ئاتاق، داڭق

**شىپاخانا:** (ئى.) دوختۇرخانا، تېبابەتچىلىك ئورنى

**شىددەتلىك:** (سۈپ.) شىددەت بىلەن پەيدا بولغان، قاتتىق، كەسكىن، كۈچلۈك

**شىلتىڭ ئات-:** ھەيۋە كۆرسەتمەك، نوچىلىق قىلماق

## غ

**غەم-غۇسسە:** (ئى.) غەم-ئەندىشە، تەشۋىش، ئەنسىرەش

**غەنىيمەت:** (ئى.) ئۇرۇش ياكى ئوۋلاردا قولغا چۈشكەن ئولجا، قورال-ياراق ياكى ھەر خىل ماددىي ئەشيالار

**غىدىق:** (ئى.) ئادەم بەدىنىنىڭ مەلۇم جايلىرىغا بىرەر نەرسىنىڭ تېگىشى بىلەن پەيدا بولىدىغان بىر خىل غەيرىي سېزىم

## ق

**قاراڭغۇ:** (ئى.) نۇردىن، يورۇقتىن خالىي، يورۇق ئەمەس؛ كۈن نۇرى چۈشمەيدىغان

**قامچىئۇت:** (ئى.) ئىسسىق قايتۇرۇش، زەھەرنى تارقىتىش، ئىششىق ياندۇرۇش رولىغا ئىگە كۆپ يىللىق سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك

**قەسەم:** (ئى.) لەۋز، ۋەدە، ئانت

**قەلئە:** (ئى.) شەھەر ۋە مۇھىم جايلارنى مۇداپىئە قىلىش ئۈچۈن قورۇلغان مۇستەھكەم تام، سېپىل

**قەنت:** (ئى.) چاسا شەكىلدە ياسالغان شېكەر

**قەيسەر:** (سۈپ.) باتۇر، جەسۇر، قورۇقماس

**قولى گۈل:** (سۈپ.) چېۋەر، چاققان، كاتتا ھۈنىرى بار

**قوماندان:** (ئى.) چوڭ ھەربىي قىسىم ياكى قوشۇننىڭ باشلىقى

**قوۋزاق:** (ئى.) ئۆسۈملۈكلەرنىڭ پوستى ۋە ئۆسۈملۈكلەرنى قوغداش رولىنى ئوينايدىغان مۇرەككەپ توقۇلما، دەرەخنىڭ قوۋزىقى

**قوۋم:** (ئى.) بىر ئۇرۇقتىن چىققان، ئۆزئارا قېرىنداشلىق، ئۇرۇق-تۇغقانلىق مۇناسىۋىتى بولغان كىشىلەر توپى

**قۇتقۇز-:** (پ.) بىرخەتەرلىك ئەھۋالدىن ساقلىماق، ئازاد قىلماق ياكى خالاس قىلماق

**قۇدرەت:** (ئى.) كۈچ-قۇۋۋەت، مادار

**قۇدۇق:** (ئى.) يەر ئاستىدىكى سۇلاردىن پايدىلىنىش ئۈچۈن كولانغان تىك، يۇمىلاق، چوڭقۇر لەخمە

**قۇربان بول-:** بىرەر ياخشى ئىش، ياخشى مەقسەت يولىدا ئۆز ھاياتىنى تەقدىم قىلماق، جان پىدا قىلماق، ھاياتىدىن ئايرىلماق

**قۇرۇقلۇق:** (ئى.) قۇرۇق بولغان ھالەت، سۇسىز قۇرۇق جاي؛ يەرشارىنىڭ دېڭىز-ئوكياندىن باشقا قىسمى

**قېلىن:** (سۈپ.) بەلگىلىك تومۇلۇقتىكى جىسىمنىڭ سۈپىتى، نېپىزنىڭ ئەكسى، توم

## ك

**كالتە پەم:** (سۈپ.) ئەقىلسىز، دۆت، پەمسىز

**كەپلەش-:** (پ.) تۆشۈك، يېرىق قاتارلىقلارغا مەلۇم نەرسە تىقىلىپ قالماق

**كۆجۈم:** (سۈپ.) قويۇق، زىچ، توپلاشقان

**كۆچمەن:** (ئى.) بىر جايدىن ئىككىنچى بىر جايغا كۆچكەنلەر، ئۆز ۋەتىنىدىن ئايرىلىپ باشقا ئەلدە ياشاپ قالغانلار

**كۆزى ئۇيقۇغا ئىلىش-:** ئەمدىلا ئۇخلاشقا باشلىماق، ئۇيقۇغا يېڭى كىرمەك

**كۆك تەڭرى:** (ئى.) ئىسلامىيەتتىن بۇرۇن تۈرك خەلقلىرى ئىشەنگەن دىن

**كۆكلەم:** (ئى.) باھار، ئەتىياز؛ يەر- جاھان

كۆكەرگەن، يېشىللىقتا پۈركەنگەن پەيت

**كۆمە-:** (پ.) يەرنىڭ ئاستىغا قويماق؛ ئۈستىنى توپا بىلەن ئېتىپ، كۆرۈنمەيدىغان قىلماق

**كۈچتۈڭگۈر:** (سۈپ.) جىسمانىي كۈچى ئارتۇق، قاۋۇل، ناھايىتى كۈچلۈك

**كۈچى يەت-:** مادارى يەتمەك

**كېچىلەپ:** رەۋ. كېچە داۋامىدىكى ۋاقىتنى سەرپ قىلىپ، تۈن بويى

**كىرلىك:** (ئى.) يوتقان، كۆرپىلەرنى پاكىزە تۇتۇش ئۈچۈن ئۈستىگە قاپلىنىدىغان رەخت

**كىلاسسىك:** (ئى.) ئىلىم-پەن، ئەدەبىيات-سەنئەت ساھەلىرىدە قەدىمدىن قالغان مەشھۇر ئەسەرلەر

**كىندىك قېنى تۆكۈلگەن يەر:** تۇغۇلغان يېرى، ۋەتەن

## گ

**گەپتە چۈشۈر-:** قارشى تەرەپنى كەمسىندۈرمەك، گەپتە ئۇرماق

**گۇمانلىق:** (سۈپ.) شەك-شۈبھىلىك، ئىشەنگىلى بولمايدىغان

**گۆر:** (ئى.) ئۆلۈكنى كۆمۈش ئۈچۈن كولانغان ئورەك

**گۈگۈم ۋاقتى:** (ئى.) قوياش ئەمدىلا پاتقان ۋاقىت

**گۈلدۈر-قاراس:** (ئىم.) ئېغىر نەرسىلەرنىڭ ئېگىزدىن پەسكە چۈشۈشى، ئۆرۈلۈشى ياكى قاتتىق سۈركىلىشى قاتارلىقلاردىن ھاسىل بولىدىغان ئاۋاز

**گېئومېترىك:** (ئى.) تۈرلۈك ماتىماتىكىلىق شەكىللەرنىڭ ئومومىي ئاتىلىشى

## ل

**لايىھە:** (ئى.) ئۆي-ئىمارەت، ماشىنا، تۈرلۈك شەكىلدىكى قۇرۇلۇش قاتارلىقلارنى قۇرۇش ئۈچۈن سىزىپ تەييارلانغان ئۈلگە

## م

**ماختانچاق:** (سۈپ.) ئۆزىنى ئۆزى ماختايدىغان، داۋاملىق ماختىنىپ يۈرىدىغان، ماختىنىشنى ياخشى كۆرىدىغان

**ماڭلاي:** (ئى.) يۈزنىڭ قاشتىن چاچقىچە بولغان قىسمى؛ پېشانە

**مال:** (ئى.) مال-مۈلۈك، مال-بىسات، چارۋا-مال

**مانچېستېر :** (ئى.) 1) سىدام دۇخاۋا رەختتىن

تىكىلگەن دوپپا؛ 2) ئەنگلىيەگە قاراشلىق بىر شەھەرنىڭ نامى؛ (سانائەت يېڭى تەرەققىي قىلىشقا باشلىغان مەزگىللەردە مانچېستېر شەھىرىدىن كەلتۈرۈلگەن سىدام دۇخاۋدىن تىكىلگەن دوپپىلار «مانچېستېر دوپپا» دەپ ئىسىملەندۈرۈلگەن. ۋاقتىنىڭ ئۆتۈشى بىلەن بۇ ئىسىم ئومۇملاشقان.)

ماھارەت: (ئى.) بىرەر ئىش، كەسىپ، پائالىيەت بىلەن شۇغۇللىنىش جەريانىدا يېتىلگەن ئىقتىدار، ماھىرلىق

مەجنۇنتال: (ئى.) سۆگەت تاللىرى

مەدەنىيەت: (ئى.) ئىنسانلارنىڭ جەمئىيەتنىڭ تارىخىي تەرەققىياتى داۋامىدا ياراتقان ماددىي ۋە مەنىۋى بايلىقلىرى

مەرۋايىت: (ئى.) سەدەپ قۇلۇلىسىنىڭ قېپى ئىچىدە پەيدا بولىدىغان يۇملاق دانچىلەر، شۇ خىل دانچىلەردىن ئىشلەنگەن ئۈنچە-مارجان

مەشغۇل: (سۈپ.) بىرەر ئىش ياكى كەسىپ بىلەن بەند بولۇش، شۇغۇللىنىش

مەڭگۈلۈك: (سۈپ.) ئەبەدىي، چېكى يوق

مەنزىرە: (ئى.) مەلۇم بىر جاينىڭ كۆزگە تاشلىنىپ تۇرغان ياكى تەسەۋۋۇر قىلىنغان تاغ-دەريا، گۈل-گىياھ، دەل-دەرەخ، ئۆي-ئىمارەتلەر ۋە بەزى تەبىئەت ھادىسىلىرىدىن تەشكىل تاپقان كۆرۈنۈشى

مەھەللە: (ئى.) شەھەر ياكى يېزىلارنىڭ بىرنەچچە ئاھالىلەر رايونىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بىر بۆلىكى

مەيۈسلەنـ-: (پ.) روھى چۈشكۈن، روھسىز، ئۈمىدسىز، غەمكىن، پەرىشان

موتور: (ئى.) ئاپتوموبىللارنىڭ ئاساسلىق ھەرىكەتلەندۈرگۈچ قىسمى

مۇئەللىپ: (ئى.) يازغۇچى، ئاپتور، ئەسەرنىڭ ئىگىسى

مۇنبەر: (ئى.) دەرسخانىدا دەرس سۆزلىگۈچىلەر، مەسچىتتە ۋەز ئېيتقۇچىلار، ئاممىۋى سورۇنلاردا نۇتۇق سۆزلىگۈچىلەر ئۈچۈن تەييارلىنىپ، يەردىن ئېگىز قىلىپ سېلىنغان پەشتاق ياكى ئۇستەل

مۇۋەپپەقىيەت: (ئى.) ئۇتۇق، غەلىبە

مۆجىزە: (ئى.) كىشىنى ھەيران قالدۇرىدىغان، ئادەتتىن تاشقىرى ئىش ياكى ھادىسە

مىكىبشى: (ئى.) مىڭ كىشىلىك ئەسكەرنىڭ باشلىقى

مېھرىبان: (سۈپ.) شەپقەتلىك، باغرى يۇمشاق

مىجىقى چىق-: يەنجىلىپ كەتمەك، ئېزىلىپ كەتمەك

مىكروفون: (ئى.) ئاۋاز كۈچەيتكۈچ

مىگئۆي: (ئى.) قەدىمدە تاغ ياكى يارلىقلارنى ئويۇپ ياسالغان بۇددا ئىبادەتخانىلىرى

مىللىي: (سۈپ.) ئۇزاق مۇددەتلىك تارىخىي تەرەققىياتلار ئارقىسىدا شەكىللەنگەن ئورتاق تىل، ئورتاق زېمىن، ئورتاق ئىقتىسادىي تۇرمۇش ۋە ئورتاق مەدەنىيەتتە ئىپادىلىنىدىغان ئورتاق خۇسۇسىيەتكە ئىگە كىشىلەر توپىنىڭ ئۆزگىچە ئالاھىدىلىكى

ن

**ناكار:** (سۈپ.) بىرەر ئەزاسى ئەسلىي ھالىتىنى، ئىقتىدارىنى يوقاتقان؛ مېيىپ

**نەزەر تاشلا-:** بىرەر نەرسىگە قارىماق

**نۇر:** (ئى.) 1) يورۇقلۇق مەنبەسىدىن تارالغان ماددا (قۇياش نۇرى، چىراغ نۇرى)؛ 2. كۆچمە مەنىسى: ھەقىقەت، بەخت-سائادەت (بىلىم نۇرى)؛ 3. بالىلار ئويۇنچۇقى (ياغاچ، تۆمۈر قاتارلىق ماتېرىياللاردىن پايدىلىنىپ، قىرغۇدا قىرىپ، ئۈچ تەرىپى ئۇچلۇق قىلىنىپ ياسىلىدۇ. ئاندىن ئۇنىڭ ئۇچىغا شارەك ئورنىتىلىدۇ. يەر يۈزىدە پىرقىرىتىش ئارقىلىق ئوينىلىدۇ.)

**نۇرلۇق:** (سۈپ.) نۇر يېغىپ تۇرىدىغان، نۇر چاچىدىغان

**نۇسخا:** (ئى.) شەكىل ياكى ئۈرنەك، ئۈلگە

## ھ

**ھال:** (ئى.) 1) ئەھۋال؛ 2. قىزغۇچ رەڭ؛ 3. زىرائەتلەردە پەيدا بولىدىغان بىر خىل كېسەل

**ھاياجان:** (ئى.) بىرەر پەۋقۇلئاددە ھالەتتىن، ۋەقە ياكى خەۋەردىن پەيدا بولغان كۆچلۈك ھېسسىيات، جىددىيلىك

**ھاياجانلان-:** (پ.) ھېسسىياتلانماق، ئىلھاملانماق، تاقەتسىزلەنمەك

**ھەجۋىي:** تۈرمۇشتىكى ناچار ئادەت ۋە كىشىلەردىكى يامان ئىللەتلەرنى كۈلكە، مەسخىرە بىلەن تەنقىدلەيدىغان رەسىم ياكى بەدىئىي ئەسەردە ئىپادىلەنگەن ئالاھىدىلىك

**ھەدىيە قىل-:** تەقدىم قىلماق ، سوۋغا بەرمەك، تارتۇقلىماق

**ھەزەر ئەيلە-:** ئېھتىيات قىلماق، ساقلانماق

**ھەشەمەتلىك:** (سۈپ.) دەبدەبىلىك، سۆلەتلىك؛ كۆركەم، ھەيۋەتلىك

**ھەيۋەتلىك:** (سۈپ.) كىشىنى زوقلاندۇرىدىغان، ھەيران قالدۇرىدىغان ياكى ئەيمەندۈرىدىغان، كاتتا كۆرۈنۈش، قىياپەت، دەبدەبە، داغدۇغا

**ھون:** (ئى.) مىلادىدىن بۇرۇنقى 1500- يىلىدىن مىلادىدىن كېيىنكى 5-ئەسىرگىچە ئوتتۇرا ئاسىيا، كاۋكاز ۋە شەرقىي ياۋروپادا ياشىغان ۋە ھۆكۈم سۈرگەن تۈرك خەلقلىرى

**ھۆۋەيدا:** (رەۋ.) ئېنىق، روشەن، ئاشكارا

**ھۆكۈمران:** (ئى.) ھۆكۈمدار، ھاكىمىيەت يۈرگۈزگۈچى

**ھۈنەرۋەن:** (ئى.) بىرەر ھۈنەرنى ئىگىلىگەن ئۇستا؛ كاسىپ

**ھېرىسمەن:** (سۈپ.) بىرەر ئىشقا ياكى بىرەر نەرسىگە ئادەتتىن تاشقىرى بېرىلىدىغان، قىزىقىدىغان، ئىنتىلىدىغان؛ مەستانە، ئامراق

## ئو

**ئوردېن:** (ئى.) دۆلەتكە تۆھپە قوشقان كىشىلەرگە بېرىلىدىغان بىر خىل شەرەپ مېدالى

**ئوزۇق:** (ئى.) جانلىقلار ياشاش ئۈچۈن قوبۇل قىلىدىغان ئورگانىك يېمەكلىكلەرنىڭ ئومۇمىي ئاتىلىشى

**ئوغۇز:** (ئى.) تۈركىي خەلقلىرىنىڭ قەدىمكى قەبىلىلىرىدىن بىرىنىڭ نامى

**ئويغان-:** (پ.) ئۇيقۇدىن يېشىلمەك، ئويغاق ھالەتكە كەلمەك؛ كۆچمە مەنىسى: بولغان ئىشلارنى پەرق ئەتمەك، قوزغالماق، ھەرىكەتكە كەلمەك

## ئۇ

**ئۇپۇق:** (ئى.) ئاسمان بىلەن يەر ياكى سۇ يۈزىنىڭ كۆز يەتكۈدەك يىراقلىقتا تۇتاشقاندەك كۆرۈنىدىغان قىسمى

**ئۇرغۇت-:** (پ.) جانلاندۇرماق، يۇقىرى پەللىگە كۆتۈرمەك

**ئۇستاز:** (ئى.) كەسىپ، ھۈنەر، ئىلىم قاتارلىقلارنى ئۆگەتكۈچى؛ مۇئەللىم، تەربىيەلىگۈچى، يېتەكچى

**ئۇسلۇب:** (ئى.) بىرەر دەۋر، مىللەت، ئېقىم ياكى بىرەر شەخسنىڭ بەدىئىي ئەسەردە ئىپادىلەنگەن ئاساسلىق ئىدىيىۋى ئالاھىدىلىكى ۋە سەنئەت ئالاھىدىلىكى

## ئۆ

**ئۆتكۈر:** (سۈپ.) ئىتتىك، زېرەك، ئەقىللىق

**ئۆرپ-ئادەت:** (ئى.) ئومۇمەن بىرەر خەلق ياكى مىللەتكە بىرقەدەر ئورتاق بولغان ۋە شۇ خەلق، مىللەت ئىچىدە ئەۋلادتىن-ئەۋلادقا ساقلىنىپ كېلىۋاتقان ئەنئەنىۋى ئادەت، قائىدە-يوسۇن

## ئۈ

**ئۈنۈم:** (ئى.) نەتىجە، ھوسۇلدارلىق؛ مەلۇم نەرسىنىڭ پايدىلىق رولى (دورىنىڭ ئۈنۈمى)؛ ئىشلەش قابىلىيىتى (ئىش ئۈنۈمى)

## ۋ

**ۋەدە:** (ئى.) قەسەم، بىرەر ئىشنى قىلىش ئۈچۈن دېيىلگەن قەتئىي سۆز، لەۋز

**ۋەيران بول-:** تۈگەشمەك، بۇزۇلماق

**ۋىجدان:** (ئى.) كىشىنىڭ ئۆز ھەرىكىتى، قىلمىشى،

يۈرۈش- تۇرۇشى ھەققىدە جەمئىيەت ۋە خەلق ئالدىدىكى مەسئۇلىيەت تۇيغۇسى؛ ئىنساپ، دىيانەت

## ئې

ئېتىراپ قىلـ-: بىرەر ئىشتا ياكى كىشىگە كۆڭۈلدىن قايىل بولماق، قىلغان ئىش- ھەرىكەتنىڭ مەسئۇلىيىتىنى ئۈستىگە ئالماق

ئېستېتىك: (سۈپ.) ئىنسانغا گۈزەللىك تۇيغۇسى بېرىدىغان، گۈزەللىك چۈ- شەنچىسىگە ئائىت، گۈزەللىك چۈشەنچىسىگە خاس

ئېكولوگىيە: (ئى.) جانلىقلار ئارىسىدىكى ۋە جانلىقلار بىلەن جانسىز مۇھىت ئا- رىسىدىكى مۇناسىۋەتنى تەتقىق قىلىدىغان پەن

## ئى

ئىپتىخار: (ئى.) شان-شەرەپ تۇيغۇسى، پەخىرلىنىش

ئىجادچان: (سۈپ.) ئىجاد قىلىش روھىغا باي، ئىجاد قىلىشتا ماھىر

ئىرغىپ تۇر-: دەرھال ئورنىدىن قوپماق، تۇيۇقسىز ئورنىدىن تۇرماق، لىككىدە ئورنىدىن تۇرماق

ئىقبال: (ئى.) كېلەچەك ؛ بەخت، تەلەي، ئامەت

ئىقتىسادشۇناس: (ئى.) ئىقتىساد ئىلمى مۇتە- خەسسىسى، ئىقتىساد بىلەن مۇناسىۋەتلىك مەسىلىلەرنى تەتقىق قىلغۇچى

ئىقتىسادىي: (سۈپ.) ئىقتىسادقا مۇناسىۋەتلىك، ما- مۈلۈككە ئائىت

ئىلاج: (ئى.) ئامال، چارە، تەدبىر

ئىلمىي ماقالە: بىرەر كەسىپكە مۇناسىۋەتلىك ئەتراپلىق يېزىلغان پەن-تەتقىقات ماقالىسىنى كۆرسىتىدۇ.

ئىلھام: (ئى.) كۆتۈرەڭگۈ ئىجادىي روھ، ئىجادىي غەيرەت ۋە جۇش ئۇرغان ھالەت

ئىمارەت: (ئى.) ئولتۇرۇش، ئىشلەش ئۈچۈن مەخسۇس سېلىنغان قۇرۇلۇش ياكى بىنا

ئىمپېراتورلۇق: (ئى.) بۈيۈك بىر زېمىنغا ئىگە خانلىق ياكى دۆلەت

## ي

يا ئۇقى: «يا» ۋە «ئوق» دېگەن ئىككى سۆزدىن تۈزۈلگەن بىرىكمە. 1) يا: (ئى.) ياغاچ ياكى مېتاللىنىڭ ئىككى ئۇچىدىن يىپ تارتىپ، ئېگىپ، يېرىم چەمبەر شەكلىدە ياسالغان، كىچىك نەيزىسىمان ئوقنى ئېتىش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان نەرسە . 2) ئوق: (ئى.) يايغا قويۇپ ئېتىلىدىغان، ئۇچى نەيزە شەكىللىك، ئۇزۇن، ئىنچىكە تاياقچە (يا ئوقى)؛ ملتىق، تاپانچا، پىلىمۇت،

زەمبىرەك قاتارلىق ئۇرۇش قورالللىرىغا جايلاشتۇرۇپ ئېتىلىدىغان، ئېتىلغاندىن كېيىن ئۇچۇپ بېرىپ نىشانغا تېگىدىغان ۋەيران قىلىش، ئۆلتۈرۈش كۈچىگە ئىگە نەرسە

يالاڭ: (سۈپ.) كىيىم-كېچەكنى نىپىز، يېلىڭ؛ ئەستەرلەنمىگەن، ئەستىرىگە رەخت ياكى پاختا ئېلىنمىغان. مەسىلەن: يالاڭ چاپان، يالاڭ ئىشتان؛ ئاياغ ياكى باش كىيىمى كىيمىگەن مەنىسىدىمۇ كېلىدۇ. مەسىلەن: يالاڭ ئاياغ، يالاڭباش

ياۋ: (ئى.) دۈشمەن

يېتەر (يەت -+ -ەر): يەت-: (پ.) كۆزلىگەن نىشانغا، ماكانغا، مەنزىلگە بارماق؛ كۇپايە بولماق؛ يېتەر: يېتىدۇ، داۋاملاشتۇرۇشقا بولمايدۇ

يورۇ-: (پ.) يورۇق چۈشمەك، يورۇق ھالەتكە كەلمەك؛ كۆچمە مەنىسى: ئېچىلماق، شادلانماق (مەسىلەن: كۆڭلى يورۇماق، دىلى يورۇماق)

يۈزى يورۇق: تىل قىسىنچىلىقى يوق، خىجىل بولغىدەك ياكى ئىزا-ئاھانەتكە قالغۇدەك گۇناھى، سەۋەنلىكى يوق

يېتىم: (سۈپ.) ئاتا-ئانىسىدىن ئايرىلىپ قالغان؛ كۆچمە مەنىسى: ھىمايىسىز، يالغۇز

يىپەك يولى: (ئى.) قەدىمدە ختاينىڭ سودا شەھەرلىرىدىن ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە باشقا رايونلارغا ئېچىلغان سودا يولى

يىتتۇر-: (يىت- + -تۇر-): يىت-: (پ.) يوقالماق، يوق بولماق؛ يىتتۇر-: يىتمەك پېئىلىنىڭ تۈرلەنگەن شەكلى بولۇپ مەنىسى: يوقاتماق، مەھرۇم قالدۇرماق

# مەنبەلەر


- ئابدۇخالىق ئۇيغۇر، 〉ئويغان〈، «ئاچىل»، (مەھمۇت زەيدى، مەھمۇت ئەكبەر، ئىسمايىل تۆمۈرى، يالقۇن روزى تەييارلىغان)، خەلق نەشرىياتى، ئۈرۈمچى، 2009، 2 ـ نەشرى، بەت: 23
- ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر، ‹روماندىن پارچە›، «ئىز»، خەلق نەشرىياتى، ئۈرۈمچى، 1985، بەت: 2.
- ئابدۇكېرىم راخمان، ‹مەلىكە ئامانىساخان›، «مۇقام پېشىۋالىرى»، خەلق نەشرىياتى، ئۈرۈمچى، 1995، بەت: 43 ـ 47.
- ئارسلان ئابدۇللا تەھۇر، يارى ئەبەيدۇللا، ئابدۇرېھىم راھمان، ‹ئۇيغۇر تىلى بىلىملىرى›، «ھازىرقى زامان ئۇيغۇرتىلى» (ئۈچ قىسىم)، خەلق نەشرىياتى، ئۈرۈمچى، 2010.
- ئەبەيدۇللا ئىبراھىم، ‹ئۈچ بولكا›، «ئەدەبىيات» 8 ـ قىسىم (سائادەت ئىمىن تۈزگەن)، مائارىپ نەشرىياتى، ئۈرۈمچى، 2002، بەت: 95 ـ 103.
- ئەركىن ئەمەت، ئادىلجان ئەرئۇيغۇر، ‹ قەشقەر›، «ئۇيغۇر تىلىدىن ئاساس»، تەكلىماكان ئۇيغۇر نەشرىياتى، ئىستانبۇل، 2010، بەت: 180 ـ 182.
- بىلىۋالاي— ‹ھېسام چاقچاقلىرى›

  https://www.rfa.org/uyghur/xewerler/medeniyet-tarix/hisam-qurban-09172013144014.html (2023-12-20, 12:10)
- تۇرسۇن قادىر، ‹يولۋاس بىلەن توشقان›، «شېرنى يەڭگەن پاشا»، گۈزەل سەنئەت ـ فوتو سۈرەت نەشرىياتى ۋە ئېلېكترون ئۈن ـ سىن نەشرىياتى، ئۈرۈمچى، 2015، بەت: 94.
- تۇرغان شاۋۇدۇن، ‹ئۇيغۇر سەنئىتىنىڭ گۆلتاجى ـ 12 مۇقام›، «مۇقام ھەققىدە مۇلاھىزە»، خەلق نەشرىياتى، ئۈرۈمچى، 1995، بەت: 4 ـ 10.
- خايرىيە كافتان ئايان قاتارلىقلار، ‹كىچىك ئالىم›، «باشلانغۇچ مەكتەپ تۈركچە 2 ـ دەرسلىك كىتابى»، كوزا نەشرىياتى، ئەنقەرە، 2019، بەت: 109 ـ 110.
- سائادەت ئىمىن، ‹كەل باھار›، «ئەدەبىيات» 8 ـ قىسىم، مائارىپ نەشرىياتى، ئۈرۈمچى، 2002، بەت: 1.
- سائادەت ئىمىن، ‹ ئورمان ـ بىباھا بايلىق›، «ئەدەبىيات» 8 ـ قىسىم، مائارىپ نەشرىياتى، ئۈرۈمچى، 2002، بەت: 54 ـ 58.
- سائادەت ئىمىن، ‹كۆرۈشكەن كۈن›، «ئەدەبىيات» 8 ـ قىسىم، مائارىپ نەشرىياتى، ئۈرۈمچى، 2002، بەت: 19 ـ 22.
- سائادەت ئىمىن، ‹ۋەدە›، «ئەدەبىيات» 8 ـ قىسىم، مائارىپ نەشرىياتى، ئۈرۈمچى، 2002، بەت: 108 ـ 120.
- سائادەت ئىمىن، ‹پوچى پاشا›، «ئەدەبىيات» 8 ـ قىسىم، مائارىپ نەشرىياتى، ئۈرۈمچى، 2002، بەت: 131 ـ 135.

- سۇلتان مەخمۇت قەشقىرى، ‹ئانا تىلىم›، «تەڭرىتاغ سادالىرى»، تەكلىماكان ئۇيغۇر نەشرىياتى، ئىستانبۇل، 2008، بەت: 184.
- سائادەت ئىمىن، ‹كىمگە رەھمەت ئېيتىش كېرەك›، «ئەدەبىيات» 8 ـ قىسىم، مائارىپ نەشرىياتى، ئۈرۈمچى، 2002، بەت: 5 ـ 10.
- قەيسەر مىجىت، «تىلسىملار دۇنياسىدا نۇر قۇچقان ئالىم».

  https://elkitab.org/wp-content/uploads/2018/08/tilsimatlar-dunyasida-nur-quchqan-alim.pdf (2023-12-24, 09:20)
- كوللېكتىپ، ‹تېپىشماقلار›، «ئۇيغۇر خەلق ئەدەبىيات قامۇسى»، 11 ـ توم، خەلق نەشرىياتى، ئۈرۈمچى، 2005، بەت:355 ـ 394.
- مەخمۇت مۇھەممەت، ‹چاقچاق›، «ھېسام چاقچاقلىرى»، خەلق نەشرىياتى، ئۈرۈمچى، 1982، بەت: 6 ـ 14.
- مەمتىلى تەۋپىق، ‹قۇتۇلۇش يولىدا›، «مەمتىلى ئەپەندى شېئىرلىرى»، (ئىبراھىم ئالىپ تېكىن تەييارلىغان)، خەلق نەشرىياتى، ئۈرۈمچى، 2000، بەت: 28.
- يالقۇن روزى، ‹قەدىردان ئۇستاز›، «مەمەتىلى ئەپەندى»، (مىرەخمەت سېيىت ۋە يالقۇن روزى تەييارلىغان)، ش. ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، ئۈرۈمچى، 1997.
- مىرسۇلتان ئوسمانوف قاتارلىقلار، «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنىڭ ئىملا لۇغىتى»، خەلق نەشرىياتى، ئۈرۈمچى، 2009.
- ئۇچقۇنجان ئۆمەر، ‹نوزۇگۇم قوشاقلىرى›، «ئۇيغۇر خەلق تارىخىي قوشاقلىرى قامۇسى»، ش. ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، ئۈرۈمچى، 2009، بەت: 428 ـ 430.
- ئۆمەرجان سىدىق، ‹كارىز›، «ئىناق ئېكولوگىيە ئابىدىسى ـ كارىز»، پەن ـ تېخنىكا نەشرىياتى، ئۈرۈمچى، 2012، بەت:38 ـ 42.
- ئۆمەرجان سىدىق، ‹تورپان ›، «سېھىرلىك زېمىن — تورپان»، سەھىيە نەشرىياتى، ئۈرۈمچى، 2005، بەت: 34 ـ 33.
- ئىلشات تۇرسۇن، ‹ئۇيغۇر بىناكارلىقى›، «ئۇيغۇر ئۆي بېزەكچىلىكى»، ئۇيغۇر نەشرىياتى، قەشقەر، 2005، بەت:1 ـ 3.